# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

新疆地方志

- مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار
- ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى
- ئۆزاققا سوزۇلغان ئىسىم دەۋاسى




3

2001

www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

18 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 56 - سان

2001 - يىللىق

3 - سان



مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

تۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

غوپۇر ھوشۇر نىيازى

ئابدۇرۇپ ئېلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقىيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئابلىز ئورخۇن


## مۇندەرىجە

### تارىخي ئەسلىمە


مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار ……… س. سەيپۇللايېف 1


### تارىخ سەھىپىسىدە


ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى …………… چوقان ۋەلىخانوف 25


### كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى


ئۇزاقتا سوزۇلغان ئىسىم دەۋاسى ……… مەريەم ساقىم 46

«ئۇزاقتا سوزۇلغان ئىسىم دەۋاسى» ۋە ئىبىزدىكى كىرىزىس

……………………………………… ئەسەت سۇلايمان 50


### يەر ناملىرى تەتقىقاتى


كەلپىنلىكلەر ۋە كەلپىندىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ……

……………………………………… مامۇت قۇربان 52


### مەشھۇر شەخسلەر


رىزۋانگۈلنىڭ سۈرىتىنى كىم تونۇيدۇ؟ ……………………

……………………………… ئىسرائىل تۇردى 58


### شىنجاڭدىكى كەسىپلەر


ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرى ………………

……………………… ئابدۇراخمان مامۇت دىيارى 61

# مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار

سەيدۇللا سەيپۇللايېف

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

### 7. «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا، غۇلجىدا مەخپىي تەشكىلات خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى تەشكىل قىلىندى. بۇ پارتىيىنىڭ تەشەببۇسچىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى، ھەيئەت ئەزالىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىسى)، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف، مەتتىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا، ئابدۇللا زاكىروف ۋە مەن سەيپۇللايېفتىن تەركىب تاپقانىدى. كېيىنكى يىللاردا ھەيئەت رىياسىتى ئەزالىقىغا ئابدۇكېرىم ئەيسا، لى تەييۈ (خەنزۇ)، داشجاپ (موڭغۇل) لار قوشۇلدى.

بۇ پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە — بىتىم ئىمزالىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىدارە قىلىۋاتقان 7 ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئىدى. بىتىم ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەنۋەر خانبابالار خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەردە بۇ پارتىيىنىڭ تارماق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، بىتىمنى قوغداش يۈزىسىدىن بەزى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ پارتىيە 1947 - يىلىنىڭ باشلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار خەنزۇ ياشلىرى تەشكىللىگەن «كۆرەش» تەشكىلاتى (مەخپىي تەشكىلات) بىلەن بىرلىشىپ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە بولغان.

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭدا مىللىي قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بولغانلىقتىن، ئاباسوف قۇرۇلتايدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش بىلەن بىللە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان، دۇڭ بىۋۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئاباسوفقا مەسلىھەتلەرنى بېرىش بىلەن، كېيىنكى ئالاقىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن رادىست ۋاڭ xx (پېڭ گوئەن) نى ئاباسوفقا قوشۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. پېڭ گوئەننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشى قىيىن بولغاچقا، 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجىغا بېرىپ ئىشقا كىرىشكەن. پېڭ گوئەن تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەركەز بىلەن ئالاقە ئورنىتالمىغان بولسىمۇ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ كۈندىلىك خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلى گېزىتىنى تەمىنلەپ تۇرغان. «خەلق



www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابىي پارتىيىسى» 1948 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە ئۆز پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ھەققىدە سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» نىڭ 2 - قىسمىدا توختىلىپ ئۆتكەن، مەن شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار ئۈستىدە بىلىدىغانلىرىمنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتمەكچى.

«خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ نىزامنامىسىنى ماقۇللاش يىغىنى 1946 - يىلى 5 - ئايدا، يەنى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا ئېلىپ بېرىلغان. ھەيئەت ئەزالىرى يىغىن ئېچىش ئۈچۈن «باغ سەيلىسى قىلىش» نامى بىلەن جىبىلىيۈزىدىكى نادەم ھاجىنىڭ بېغىغا چىقتۇق، بۇ باغدىكى يىغىندا نىزامنامە ماددىمۇماددا ئوقۇلۇپ، مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. نىزامنامىنى تەستىقلاشتا ھېچقانداق تالاش - تارتىش بولمىدى، شۇنداقتىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق ئىش بار:

1. نىزامنامىدە شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدە «پۈتۈن شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئومۇمىي خەلقنىڭ تەلىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان، بۇ ماددا ئوقۇلۇپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، ئاباسوف: «شىنجاڭ مۇستەقىللىقنى يازمىدۇق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، دەپمۇ يازمىدۇق، بۇ مەسىلە ‹خەلق تەلىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ› دەپ يېزىلدى» دەپ ئىزاھلاپ ئۆتتى. بۇنىڭغا قارىتا ھېچكىممۇ باشقىچە پىكىردە بولمىدى، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىمۇ شىنجاڭ ج ك پ نىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، دېيىدىغان قاراشتا دەپ بىلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق شۇئارىنىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، مۇنداق چۈشەنچە بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك ئىدى.

2. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قاتنىشىشى لازىممۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىدە، كۆپچىلىك ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە كىرمىگىنى ياخشى، ئەمما پارتىيىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. بۇ مەسىلىدە ئاباسوف ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى ئۈستىگە ئالدى.

3. ئەينى شارائىتتىكى بۇ پارتىيىمىز مەخپىي پارتىيە بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش زۆرۈر ئىدى، شۇڭا كونسۇلخانا بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ ئاباسوف ئۈستىگە ئالدى.

پارتىيە نىزامنامىسىنى ماقۇللاش يىغىنىدىن كېيىن، مەلۇم بىر كۈنى ئاباسوف ماڭا: «مەن كونسۇلخانىغا بېرىپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى كونسۇلغا مەلۇم قىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بوپتىكەن، ماڭا بەك قوپال مۇئامىلە قىلدى، بۇ ئىشنى ئۇلارغا كىم يەتكۈزگەندۇ؟» دېدى. مەن بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ھەم ئۆزەممۇ كىمدىن گۇمان قىلىشنى ئۇقماي قالدىم، ئارىدىن بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئاباسوف بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنە سۆز ئېچىپ: «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ھەققىدىكى ئىشنى ئا ×× ئىنىسى ئارقىلىق چېگرىدىن (ئۇنىڭ ئىنىسى چېگرىغا مال ئۆتكۈزۈپ سودا قىلاتتى) رازۋېدكا ئورۇنلىرىغا خەۋەر بەرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن موسكۋا بۇ ئىشنى غۇلجىدىكى كونسۇلخانىدىن سۈرۈشتۈرگەندە، كونسۇلخانا بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا: «ئۇنداق ئىش يوق» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكتىن، موسكۋا كونسۇلخانىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئاچچىقلىنىپ، قوپاللىق قىلغان بولسا كېرەك» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىلىق باشقا گەپ - سۆز بولمىدى.

1947 - يىلى بىتىم بۇزۇلۇپ، ئۈرۈمچىدىن بىر تۈركۈم زىيالىي ياشلار ئىلىغا قېچىپ بارغان، بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان. غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ۋارالىيېف خ ئى پ گە ئەزا بولغان x x x دىن «سەن خ ئى پ گە ئەزا بولدۇڭمۇ؟ دەپ سورىغاندا ئۇ: «ھەئە، ئەزا بولدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەندە مۇئاۋىن كونسۇل «ئۇ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دېگەن. بۇ گەپنى ئەينى ۋاقىتتا ئاڭلاپ غەلىتە گەپقۇ، دەپ ھەيران قالغانىدىم. بۇ گەپتىن خ ئى پ نىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭمۇ ھەيران قېلىشى تەبىئىي ئىدى.

1958 - يىلى ئۈرۈمچىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۈرۈش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، چوڭ يىغىندا x x x غۇلجىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلنىڭ «خ ئى پ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دېگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

1. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى خ ئى پ نى ئەكسىيەتچىل تەشكىلات دەپ تونۇسا، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە خ ئى پ نىڭ بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

2. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت كۈنلەردە، خ ئى پ ئۈرۈمچىدە بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا، سەيپىدىن ئەزىزى ماڭا ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن موسكۋادىن كەلگەن x x x بىلەن ئاباسوف ئىككىسى كۆرۈشكەن چاغدا خ ئى پ ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ خ ئى پ توغرىلىق باشقا ھېچقانداق غەيرىي پىكىر قىلمىغانلىقىنى، خ ئى پ نىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشنى ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

3. 1948 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنىش ئالدىدا، ئىلىغا موسكۋادىن ۋاسىلىيېف ئىسىملىك بىرسى كەلگەنىدى، ئۇ ئادەم: «خ ئى پ ئىككى ۋەكىل كۆرسەتسە، سۆزلەشسەك» دېگەن تەكلىپنى قويغان. خ ئى پ ھەيئەتلىرى ئاباسوف بىلەن سەيپىدىن ئەزىزنى سۆھبەت ۋەكىللىككە كۆرسەتتى. سۆھبەتتە موسكۋا ۋەكىلى خ ئى پ نى تەشكىل قىلىنماقچى بولغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» بىلەن بىرلىشىشنى تەكلىپ قىلدى، خ ئى پ مۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ پائالىيىتىنى توختاتتى. خ ئى پ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات بولغان بولسا، موسكۋا ۋەكىلى ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلمىغان بولاتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خرۇششېف تەختتىكى چاغلاردا، يەنى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەن مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مەتبۇئاتىدا تۇرسۇن رەخىموف (ئۇيغۇر، 40 - يىللاردا سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئاسىيا بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان) بىر ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ ماقالىدا «رادىكاللار شىنجاڭنى تاشقىي موڭغۇلىيىدەك مۇستەقىل قىلماقچى» دېگەن مەزمۇن بارلىقى مەلۇم. ئاپتور «رادىكال» دەپ خ ئى پ نى تەشكىل قىلغۇچىلارنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق. 1946 - يىلى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىلانى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مۇستەقىللىق شۇئارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بولغانلىقتىن، سوۋېت كونسۇلخانىسى خ ئى پ نى تەشكىللىگۈچىلەرنى «ئۆز بېشىمچىلار»، «ئىش تېرىغۇچىلار» دەپ قاتتىق رەنجىگەن ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىماي، خ ئى پ نى «تىنچلىق بىتىمىگە قارشى رادىكاللار ھەرىكىتى» دەپ يامانلىغاچقا، تۇرسۇن رەخىموف شۇ كۆز قاراشنى ئاساس قىلغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىدىكى مەسىلىدە يەنە شۇنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇ: بىرى، گەرچە سوۋېت كونسۇلخانىسى 1946 - يىلى خ ئى پ يېڭى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا قارىتا گۇمانلىق قاراشتا بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا خ ئى پ نىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى بىلمەي قالارمۇ؟ ئالايلى، ئاباسوف ئۈرۈمچىدىكى مەزگىلدە، ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ ياشلارنىڭ ئىلغار تەشكىلاتى بىلەن خ ئى پ نى بىرلەشتۈردى، شۇنداقلا تۇرپان، قەشقەرلەردىمۇ خ ئى پ نىڭ تارماقلىرى قۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com

يەنە بىرى، ئاbباسوف 1946 - يىلى نەنجىڭگە گومىنداڭنىڭ مىللىي قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا ج ك پ نىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، رادىيست پېڭ گوئەننى بىللە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋاللارنى سوۋېت كونسۇلىنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

پېڭ گوئەن 1947 - يىللىرىنىڭ باشلىرى غۇلجىغا ئورۇنلىشىپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلى گېزىتىنى خەۋەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئىشتىنمۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ خەۋىرى يوقمۇ؟ تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىلىدا ئابباسوفنىڭ تەكلىپى بىلەن ساي بويىدىكى نىساخان ئاچىنىڭ (هوشۇر ئاخۇننىڭ) قورۇسنى ئىجارىگە ئېلىپ، بىر ئېغىزنى خ ئى پ نىڭ ئىشخانىسى قىلدۇق، يەنە بىر ئېغىز ئۆي پېڭ گوئەننىڭ ياتىقى قىلىندى. بۇ چاغدا بەزىلەر كېلىپ مەندىن (مەنمۇ شۇ هويلىدا ئولتۇرغان ئىدىم) «ئۇ نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ نەدىن كەلدى؟» دەپ پېڭ گوئەننى سۈرۈشتە قىلىغانىدى. خەلق ئاممىسى شۇنچىلىك بىلگەن ئىشلارنى كىچىككىنە غۇلجا شەھىرىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ بىلمەي قېلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇئاۋىن كونسۇل 1948 - يىلنىڭ باشلىرىدا يەنە نېمە ئۈچۈن خ ئى پ گە نىسبەتەن ناتوغرا پوزىتسىيىدە بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بىر قاتار ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كونسۇلخانا ئۆزىنىڭ 1946 - يىلىدىكى خاتا مۆلچەرىدىن قايتقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىدىن بىسوراق قۇرۇلۇپ قالغان تەشكىلاتقا بولغان ئاچچىقى قايتمىغان بولۇشى مۇمكىن.

1948 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، ئىتتىپاق مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىگە ئابباسوفنىڭ كىرمەي قېلىش مەسىلىسىدە شۇ چاغدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يولداشلار ئىچىدە بەزى گەپ - سۆزلەر بولۇپ تۇردى. بۇ ئىتتىپاق شۇ چاغدىكى بىرلىكسەپ خاراكتېرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋە ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر قاتناشقان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەركىزىي ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان، ئابباسوف ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئەت ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن. بۇ مەسىلە ئەينى چاغدا بىر قىسىم كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە يەنىلا ئىلى كونسۇلخانىسى خ ئى پ نىڭ تىنچلىق بىتىمىگە قارشى ئەمەسلىكىنى، «مۇستەقىللىقچى، رادىكاللار تەشكىلاتى» ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئاچچىقىدىن يانماي، ئابباسوفنى «ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى» دەپ قاراپ، «تىزگىنىنى تارتىپ» قويماقچى بولغان بولسا كېرەك.

ئابباسوف ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزاسى بولمىغان بولسىمۇ، ئىتتىپاقنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1948 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدىكى باش مەسلىھەتچىسىگە بىر پارچە خەت يازغان. بۇ خەتنى ئۇنىڭ ئىنىسى خەمىت ئابباسوف ساقلىغانىكەن (خەمىت يېقىنقى يىللاردا ۋاپات بولغان). 90 - يىللىرى بۇ خەتنى خەمىت ئابباسوف ئۈرۈمچىدىكى ئىنىسى ئابدۇسالام ئابباسوفقا بەرگەن، ئابدۇسالام خەتنى سەيپىدىن ئەزىزىگە ئەۋەتىپ بەرگەن (بۇ خەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدىن ئۈرۈمچىدە بارلىقىنى ئاڭلىدىم). ئاڭلىشىمچە، ئابباسوف خېتىدە ئۆزىنىڭ ئىتتىپاق تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقىدىن قاتتىق رەنجىگەنلىكى يېزىلغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر «ئۈچ ۋىلايەتتە ھوقۇق تالىشىش كۆرىشى بولغانمۇ؟» دېگەن گۇماندا بولغان. ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىك ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش بولغان ئەمەس. ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكى مۇقىم بولۇپ، بىرەر كىشىنىڭ ئۇنىڭ ھوقۇقىغا خىرىس قىلغىنى يوق، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئېلىخان تۆرە رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلدىمۇ ئۇ «ھوقۇق تالىشىش» سەۋەبىدىن ئاغدۇرۇلمىغان، بەلكى تۈپتىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى زىددىيەتتىن بولغان دېگەن مۇۋاپىق.

ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىكى ئىچىدە بەزىبىر ئۇششاق زىددىيەتلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. جەمئىيىتىمىزدە گەپ تاپمىسا، غەيۋەت قىلمىسا يېگەن ئاش - نېنى تېنىگە سىڭمەيدىغان ئادەملەر بار. بەزى غەيۋەتلەر ياكى ئۇششاق زىددىيەتلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. 1948 - يىلى بىر قېتىم غۇلجىدا غېنى مەس ھالدا گېنېرال ئىسھاقبەكنىڭ ئالدىنى توسۇپ قالايمىقان سۆزلىگەن ئەھۋال بولغان. بۇنى ھوقۇق تالىشىش دېگىلى بولمايدۇ، بۇ نادانلىق، مەنمەنلىك، مەستلىكنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بىر كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت.

## 8. ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھەم بىر مەزگىل (1944 - يىل 12 - ئاي — 1946 - يىل 6 - ئاي) رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن تارىخىي شەخس ئېلىخان تۆرە زادى كىم؟ قانداق قىلىپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ قالغان؟ بۇ ھەقتە بىلگەن - ئاڭلىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

ئېلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ئوغلى 1885 - يىلى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ توقماق (بالا ساغۇن) شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ئەرەبىستان ۋە بۇخارالاردا ئوقۇپ، ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللىرىنى ھەم تېبابەت ئىلمىنى ئىگىلىگەن. 1929 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ تېۋىپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئېلىخان تۆرە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە 4 يىل ياتقاندىن كېيىن، 1941 - يىلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە غۇلجىغا بېرىپ يەنە تېۋىپلىق قىلغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ غۇلجىدا خېلى ئۇستا تېۋىپ سانىلىپ، خەلق ئىچىدە مەلۇم ئابرويغا ئىگە بولغان. ئېلىخان تۆرە تېۋىپلا بولۇپ قالماستىن، يۇقىرى سەۋىيىلىك دىنىي ئۆلىما ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىققاندىن كېيىن، تېۋىپلىق قىلغاندىن باشقا، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ھەم ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچرىغان خەلق ئېلىخان تۆرىنىڭ ۋەز - تەبلىغلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىغان. 1944 - يىلى 4 - ئايدا غۇلجىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش باشلىغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ باشلىقى بولغان. خەلق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ، 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندا، ۋاقىتلىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئېلىخان تۆرە ئۇنىڭ رەئىسى بولغان. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئېلىخان تۆرىگە «مارشال» ئۇنۋانىمۇ بەرگەن. 1946 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن. 1976 - يىلى 91 يېشىدا تاشكەنتتە ۋاپات بولغان.

ئېلىخان تۆرە سۆزگە ماھىر، ناتىقلىق قابىلىيىتى بولغانلىقتىن، ئىنقىلاب باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى غەزەبتىن تاشالماي تۇرغان خەلق ئاممىسىنىڭ كۆچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈرگەن. ئېلىخان تۆرە ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆتىگەن ۋەزىپىلىرىنى ۋە خىزمىتىنى سوۋېت تەرەپنىڭ قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ۋە ھۆكۈمەتتىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى چاغدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كەتمىگەن. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان تىنچلىق بېتىمى ئىمزالىنىشى بىلەنلا ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كەتتى دەپ چۈشىنەتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتى سوۋېت تەرەپنىڭ قوللىشى بىلەن بولغانلىقى يۇقىرىدىكى «سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ» دېگەن قارىشىمغا زىت كېلەتتى. ئەينى چاغدا ئېلىخان تۆرە ھەققىدە مېنىڭ ئاڭلىغىنىم مۇنداق بولغان:

1945 ـ يىل 3 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا (ئالمۇتىدا) داۋالىنىپ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىدا ئىشلەپ قايتقان بىر دىپلوماتىيە خادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ كىشى ئىلىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ، مەندىن «ئەلىخان تۆرىنى تونۇمسىز؟» دەپ سورىدى. مەن: «غۇلجىدىكى ‹تۆرەم مەھەللىسى› دېگەن مەھەللىنى بىلىمەن، لېكىن ئۇنداق ئىسمى بار ئادەمنى تونۇمايمەن» دېدىم. شۇ چاغدا ئۇ كىشى: «ئۇ دېگەن بىر شەيتان ... ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسى» دېدى. مەن بۇ گەپكە ھەيران قالدىم. شۇ چاغدا مەندە «ئەلىخان تۆرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشەنمەيدىكەن» دېگەن قاراش پەيدا بولدى، شۇنداقلا، ئەگەر ئۇ جاسۇس بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە رەئىس بولىدۇ؟ دېگەن سوئالمۇ پەيدا بولماي قالمىدى. بۇ مەسىلىدە ئۆزەممۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ مەسىلىگە مۇنداق قارىغانىدىم: سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسلىدە ئەلىخان تۆرىگە ئىشەنگەن، بىراق ئەلىخان تۆرە رەئىس بولغاندىن كېيىن يەنىلا ئۇ ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر شەخس بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ۋاقىتلىق پايدىلانماقچى بولغان. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندا، ئەلىخان تۆرە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، كېلىشىم ئىمزالىنىش ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەخپىي ئېلىپ كېتىلگەن.

1945 ـ يىلى باھار ئايلىرىدا ئەلىخان تۆرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئابرويغا ئىگە شەخسكە ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم. مائارىپ نازارىتىگە خىزمەتكە كىرىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەلىخان تۆرىنىڭ قېشىغا بىللە بارىدىغان بولدۇق. بىز ئەلىخان تۆرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىش ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەت بىناسى (سابىق ۋالىي مەھكىمىسى) غا باردۇق. بۇ بىنا چوڭ بىر قورۇغا جايلاشقان بولۇپ، خېلى بالدۇر سېلىنغان رۇس پاسونىدىكى بىر قانچە كورپۇسلۇق، بىر قەۋەتلىك، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، قاڭالتىردا يېپىلغان ئىمارەتلەر ئىدى. ئەلىخان تۆرە شۇ كورپۇسلارنىڭ بىرىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى ئىشخانا قىلغانىكەن. بۇ ئۆينىڭ بېزىلىشى ئىشخانىغا ئوخشىمايتتى، تاختاي ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئەلىخان تۆرە گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، ئالدىغا يومىلاق شىرە قويۇۋاپتۇ، شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان قەغەز، قەلەم، سىياھلار شۇ شىرەنىڭ ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئەلىخان تۆرىنىڭ بۇ ئىشخانىسى ماڭا خۇددى قازىخانىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بىز ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن قائىدە بويىچە سالام بەردۇق. سەيپىدىن ئەزىزى ئەلىخان تۆرىگە مېنى قىسقىچىلا تونۇشتۇردى، ئەلىخان تۆرە «شۇنداقمۇ؟» دېگىنىچە ماڭا كۆز ئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ قويدى، ئاندىن «ياخشى، ياخشى ئىشلەيلى» دەپ بىر نەچچە ئېغىزلا گەپ قىلغاندىن كېيىن، بىز قايتىپ چىقتۇق. ئەلىخان تۆرىنىڭ ماڭا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇشى مېنى ئەجەپلەندۈردى. ئەينى ۋاقىتتا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىسەممۇ، تۆرەم مەھەللىسى غۇلجىدىكى «تائالىيە» مەكتىپى ئەتراپىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، 1941 ـ يىلى مېنىڭ ئۇ مەكتەپكە بىر مەزگىل مۇدىر بولغانلىقىمنى ۋە 1943 ـ يىلى سوۋېتكە كەتكەنلىكىمنى ئەلىخان تۆرە بىلمەي قالمايدۇ، شۇڭا ماڭا سىرلىق قارىغان بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدىم.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەلىخان تۆرىنىڭ شۇنچە يۇقىرى مەرتىۋە ـ ئابرويغا ئىگە بولالىشى، ئۇنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى، غەزەپ ـ نەپرىتىنى چۈشىنىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىمى ۋە ناتىقلىقىغا تايىنىپ، جامائەت سورۇنلىرى ۋە مەسچىتلەردە ئىنقىلابىي تەشۋىقاتنى دىن بىلەن باغلاپ، قۇرئاندىن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشلىرى ئاممىنى جەلپ قىلغانلىقىدىن بولغان. ئەلىخان تۆرىنىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتلىرى شۇ

مەزگىلدە مۇسۇلمانلارنى قوزغىتىش، ئۇلارنى ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلىشتا مەلۇم رول ئوينىماي قالمىغان. بولۇپمۇ غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرەمباغ، ئايرودروم ئۇرۇشلىرىدا ئۇ: «ھۇببۇل ۋەتەن، مىنەل ئىمان (ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماننىڭ جۇملىسى)»، بىر جەڭچىنىڭ بىر كېچە پوستا تۇرۇشى، يۈز يىل قىلغان ئىبادەتكە تەڭ»، «جەڭگە قاتنىشالمىساڭمۇ، ئىككى سائەت پوستا تۇرساڭ، خۇدا ساڭا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولمىسا، خۇدا قازى، پەيغەمبەر شاپائەتچى بولۇپ تەختكە چىققاندا سېنىڭ تۆمۈر تىرنىقىڭ مېنىڭ ياقامدا بولسۇن!» دېگەن سۆزلەرنى قىلغان. ئېلىخان تۆرە جەڭچىلەرگە، خەلق ئاممىسىغا سۆز قىلغاندا، كىچىك قۇرئاننى قولىغا ئېلىۋېلىپ، كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ دېگەنلىرىم ئاللانىڭ سۆزى، سىلەر بۇنى ئەقىل قۇلىقىڭلار بىلەن ئاڭلاڭلار» دەپ تەكىتلەيدىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر تەشكىل قىلاتتى. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارمۇ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا دىندىن پايدىلانغان. شېڭ شىسەي خەلقنى قاتتىق باشقۇرغان بولسىمۇ، دىنىي مەسىلىدە يەنىلا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان. مەسىلەن: ئۆشرە - زاكات، ۋەخپە يەر، ئۆي - مۈلۈك قاتارلىقلاردىن يىغىلىدىغان كىرىمنىڭ بىر قىسمىنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسمىنى دىنىي ئىشلار راسخوتىغا قالدۇرغان. مەكتەپلەردىمۇ ھەپتىدە بىرنەچچە سائەت دىنىي دەرس ئۆتۈشكە يول قويغان. مەلۇم دائىرە ئىچىدە دىنىي مەھكىمە، قازىخانىلارمۇ ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە مايىللىقىدىن ئالغاندا، دىنىي شوئارلاردىن پايدىلىنىشنى چەتكە قېقىشقا بولمايتتى، ھەر قانداق جايدا، ھەرقانداق بىر دىنىي تەقۋادارنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا دىننى تەشۋىق قىلىشقا تىرىشىشى تەبىئىي. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىمۇ ئايرىم دىنىي تەقۋادارلار تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشكە، دىنىي ئىمتىيازلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان. مەسىلەن: ئىنقىلاب يېڭى باشلانغان ۋاقىتتا، يەنى 1944 - يىلنىڭ ئاخىرى 1945 - يىلنىڭ باشلىرىدا «ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى ناماز ئوقۇسۇن»، «ئاياللار يۈزىنى يېپىپ يۈرسۇن» دېگەندەك گەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولمىدى، چۈنكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈزىنى چۈمبەل بىلەن يېپىۋېلىشى 1944 - يىلدىن ئىلگىرىمۇ ئىلىدا يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تەلەپ ئايرىم شەخسلەرنىڭ پىكرى ئىدى. بەزى ئايرىم دىنىي مۇتەئەسسىپلەردە بۇ خىل ئىدىيە بولسىمۇ، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقالمايتتى. 1947 - يىلى كۈزدە ئابلىمىت داموللا تۇرپانى (غۇلجىغا يېڭى بارغان) ئىسىملىك بىر موللا بىر كۈنى كوچىغا چىقىپ، قولىغا دەررە ئېلىپ، يۈزى ئوچۇق بىر ئايالنى ئۇرماقچى بولۇپ قوغلىغاندا، كىشىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان، دىنىي نازارەت بۇ موللىنى ئەيىبلەپ، بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلىگەن. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئېلىخان تۆرە جەڭچىلەرگە سۆز قىلغاندا: «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېگەننى تەشۋىق قىلغان. ئەمما بۇ سۆز تېزلا يوقالغان. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان رۇسلار جەڭ مەيدانىدا ئۇيغۇر جەڭچىلەرگە: «جەڭدە سەن ئالدىدا مېڭىشىڭ كېرەك، چۈنكى ساڭا ئۆلسەڭمۇ پايدا بار، تىرىك قالساڭمۇ پايدا بار. سەن ئۆلسەڭ غاز بولىسەن، بىز ئۆلسەك ئۆردەكمۇ بولالمايمىز» دېگەنىكەن. ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇن چىققان «غازات» شوئارىنى XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىلى شارائىتىدا قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولسۇن. ئەينى چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىۋاتقان سوۋېت تەرەپنىڭمۇ ئۇنداق شوئارلارغا يول قويماسلىقى تەبىئىي.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قارىلاپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرىنى ھەدەپ «قىزىل پاچاقلار»، «دىننى يوقىتىدىغانلار» دەپ تىللاش بىلەن ئالتايدا ئوسمان

ئىسلامنى، ساۋەندە قالىبەكنى قوترىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگۈزۈپ، خەلقنى بىر مۇنچە خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەينى چاغدا تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنى يېڭىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەزى دىنىي تەشۋىقاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇ دەۋردە ئېلىخان تۆرە ئۈستىدە بەزى گەپ - سۆزلەرمۇ تارقالغان. مەسىلەن:

1) بەزىلەر ئېلىخان تۆرە گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب قىلىش ھەققىدە قىزغىن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە ئۇ: «بىز ئىنقىلاب قىلغان بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى بەرىبىر بىزگە ھوقۇق بەرمەيدۇ» دەپ ئارشاڭ ناھىيىسىگە بېرىۋالغان، غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارشاڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ: «ئازاد بولغاندا ھاكىمىيەتنى ئۆزەڭلار تۇتىسىلەر» دېگەندىن كېيىن، ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان» دېيىشىدۇ. ھەتتا بەزى گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئازادلىق تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرىشى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئارشاڭدا ئېلىخان تۆرىگە بەرگەن كاپالىتى ئىكەنمىش. بۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر خىل سۆزمۇ تارقالغان: ئېلىخان تۆرە تەشۋىقاتنى جىددىي ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنتىش (ئاختۇرۇش - تۇتۇش) ئىشلىرى كۈچەيگەنلىكتىن، ئېلىخان تۆرە چۆچۈپ كېتىپ جىمجىتلا ئارشاڭ ناھىيىسىگە قېچىپ بېرىۋالغان، ئىلىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ئادەم ئەۋەتىپ، بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن كېيىن، ئىلىغا قايتىپ كېلىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان، دېيىشىدۇ.

2) ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا گىراژدان قوبۇل قىلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن، دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ تارقالغان. 1946 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن سوۋېت گىراژدانلىرىنىڭ سوۋېت پۇقرالىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنىشى بىلەن، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قېچىپ كەلگەنلەردىن باشقا، يەرلىك پۇقرالاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ سوۋېت گىراژدانلىق پاسپورتى ئالغان. ئەتىياز پەسلىدە ئىلى دەرياسىدا ئاسسىرتتىن بېلىقى پەيدا بولغان، بېلىقچىلار ئىلى دەرياسىدىن ھەر بىرى نەچچە ئون كىلوگىرام كېلىدىغان بېلىقلارنى تۇتۇپ، بازاردا سېتىشقا باشلىغان. نەتىجىدە بازاردا بېلىق ئەرزان بولۇپ كەتكەن، بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا سوۋېت كونسۇلى: «بۇ بېلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا (بالقاش كۆلىدە) بېقىلغان بېلىقلار ئىدى، بۇ يىل ئەتىيازدا ئىلى دەرياسىغا قويۇلغان سىم توساق ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە، بۇ بېلىقلار يۇقىرى ئۆرلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قالغان بېلىقلار» دەپتۇ. ئېلىخان تۆرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «قېچىپ ئۆتۈۋالغان بۇ بېلىقلارنىمۇ گىراژدانلىققا ئۆتكۈزۈۋالسىڭىز بولغىدەك» دەپ چاقچاق قىلىپ، نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن، دېيىشىدۇ.

3) سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن چېگرىنىڭ بىر قانچە جايلىرىدا غەيرىي رەسمىي سودا پونكىتلىرى تەسىس قىلغان، بۇ پونكىتلارغا ئېلىپ بېرىلغان مال - چارۋىلارغا تاۋار ئالماشتۇرۇپ بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن چېگرىدىكى ئەتكەسچىلىك سودىسى (كانتراباند) باشلانغان، ھەتتا بەزى ئات - كالا ئوغرىلىرى ئوغرىلىغان ماللارنى چېگرىغا ئېلىپ بېرىپ تاۋارغا ئالماشتۇرۇپ، ئوغرىلىق ئىزلىرىنى يوقاتقان. بۇ خىل ئەھۋال موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ سۈمبە دېگەن چېگرا سودا پونكىتىدا سېزىلگەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، بۇنداق بولمىغۇر ئىشنىڭ تەكرارلانماسلىقىنى تەلەپ قىلغان. . .

4) 1945 - يىلىنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، ئېلىخان تۆرە گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى مابۇفاڭغا خەت يېزىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ تارقالغان (بۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىشى بولماستىن، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ ماقۇللۇقى

بىلەن مەقسەتلىك يېزىلغان خەت. ئەينى ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مابۇفاڭنىڭ ئاتلىق قىسمىدىن 75 - جۇننى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشتا ئۇلاردىن پايدىلانماقچى بولغان. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ مابۇفاڭنىڭ تەۋۋادار مۇسۇلمانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مابۇفاڭغا سالام خەت يېزىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتمەسلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان.

5) ئېلىخان تۆرە تىنچلىق بىتىمىگە رازىمۇ؟

1946 - يىلى ياز پەسلى كىرىشى بىلەن (5 — 6 - ئايلاردا) ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىم ماددىلىرى ئۈستىدە ئاساسەن كېلىشىپ بولغانىدى. ئاڭلىشىمىزچە، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا، ئېلىخان تۆرە ئۆز يېقىنلىرىدىن بىر نەچچىسىگە ئۆزىنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە قارشى ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىللىق ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىش لازىم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ھوشيار بولۇشنى ئېيتقانمىش. ئېلىخان تۆرىنىڭ بۇ نارازىلىق سۆزلىرىنى مەلۇم بىر ئاخباراتچى باش ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغان. ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئېلىخان تۆرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ھەققىدىكى مەلۇمات ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى قاسىم قىسمىتىنىڭ خىزمەت ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدا ساقلانغان، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىسى ئېلى ئەپەندى قاسىم قىسمىتىنىڭ ئىشخانىسىنى مەخپىي تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە ئادەم ئەۋەتىپ (ئىشخانا ۋە تارتمىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلى ئەپەندى ئۆزى بەرگەن)، مەلۇماتنىڭ كوپىيىسىنى ئېلىۋالغان. ئېلىخان تۆرە ھەققىدىكى بۇ ئاخباراتنىڭ كېلىش مەنبەسى قانداق؟ ئاخباراتنى مەخپىي تەكشۈرۈش، كۆچۈرۈپ ئېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ بۇ سىرنى پەقەت سوۋېتلىك مەسلىھەتچى ئېلى ئەپەندىلا بىلىشى مۇمكىن. ئېلىخان تۆرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە قارشى چىقىشى تامامەن مۇمكىن، چۈنكى ئۇ، 1944 - يىلدىن تارتىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. شۇنداقلا ئۇ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن كوممۇنىزمغا قارشى شەخس ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئېلىخان تۆرە ھەققىدە ئاڭلىغان يۇقىرىدىكى بەزى گەپلەرگە ئاساسەن، مەندە «ئېلىخان تۆرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشەنمەيدۇ» دېگەن كۆز قاراش شەكىللەنگەن. مېنىڭ بۇ قارىشىمنى تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە يەنىمۇ كۈچەيتتى. بىرى، سېيىت ھۆججەتنىڭ كىملىكى مەسىلىسى، يەنە بىرى، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇش مەسىلىسى.

1) سېيىت ھۆججەت كىم؟

1946 - يىلى باھاردا، ئېلىخان تۆرىنىڭ يېنىدا سېيىت ھۆججەت ئىسىملىك بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەت قورۇسىدا تۇراتتى. ئۇ ئېلىخان تۆرە بىلەن ئەركىن كۆرۈشۈش شارائىتىغا ئىگە ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە، شۇ كۈنلەردە موڭغۇلكۈرەدىكى كۆۋرۈك يېنىدا ئۇچىسىغا گىمناستيوركا، پۇتىغا يىپىپىڭى خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن بىر كىشى پەيدا بولغان، ئۇ «مەن بۇخارا ئەمىرىنىڭ شاھزادىسى بولىمەن، ئىلگىرى ئافغانىستاندا تۇراتتىم، ئىسمىم سېيىت ھۆججەت، مەن ئىلىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە خىزمەت قىلاي دېگەن نىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، ئاندىن مۇزداۋان ئارقىلىق مىڭبىر جاپادا ئىلىغا قېچىپ كەلدىم» دەپتۇ. سىرتتىكى كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىلمىسىمۇ، «بىر ئافغان كەپتۇ» دېيىشەتتى. سېيىت ھۆججەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئادەم بولۇپ، سىياسىي، ھەربىي ۋە تېخنىكا ئىشلىرىغا ماھىر، بىر نەچچە خىل تىلنى بىلىدىغان، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇ ئېلىخان تۆرە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا، ئېلىخان تۆرىنىڭ قولىدا قۇرئان تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان رەسىمىنى تەخمىنەن ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىرچە قىلىپ ماي بوياقتا سىزىپ چىققان ھەم ئۇنى ئېلىخان تۆرىگە تەقدىم قىلغان. دەل شۇ

www.uyghurkitap.com

كۇنلەردە ئېلىخان تۆرىنىڭ رادىئو قوبۇللىغۇچىسى بۇزۇلۇپ، رېمونتچى تاپالماي تۇرغاندا، ئۇنى تىزلا ياساپ بەرگەن، ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىپ ماشىنىلارنى قورۇ ئىچىدە ھەيدەپ ئۆزىنىڭ تېخنىكا ماھارىتىنى نامايەن قىلغان. مەركىزىي ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى ھەربىيلەرگە، جۇملىدىن ئېلىخان تۆرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە ھەربىي قورالLarنى ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرغان. دېمەك سېيىت ھۆججەت ئۇستا رەسسام، يۇقىرى ماھارەتلىك تېخنىك، شوپۇر ھەم تەربىيە كۆرگەن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ھەربىي ئىدى.

مەلۇم ۋاقىت — ئىككى ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە ئۆزبېك مەسچىتىدىكى بىر قېتىملىق جۈمە نامىزىدىن كېيىن خەلققە «سېيىت ھۆججەت جاھانگىرلارنىڭ ئىشپىيونى ئىكەن» دەپ سۆزلىگەن، شۇ ئارىدا ساقچى ئورۇنلىرى سېيىت ھۆججەتنى تۇتۇپ كەتكەن - دە، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا سوۋېتكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان. بىراق كۆپ كىشىلەر بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز ئىدى. تېخى كېيىنكى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەتكە قاتناشقان بەزى كادىرلار ئۈچ ۋىلايەتتىكى بەزى مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن سېيىت ھۆججەتنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەندىن سورىغانىدى.

سېيىت ھۆججەت زادى قانداق ئادەم؟ دېگەن سوئالغا شۇ چاغدىكى ئىلى باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىسى (پولكوۋنىك دەرىجىلىك ك گ ب ئوفىتسېرى ئېلى ئەپەندى ئېنىق جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن.

ئەينى چاغدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىخان تۆرىگە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار كۆزىتىش ئۈچۈن سېيىت ھۆججەتنى مەخسۇس ئەۋەتكەن، سېيىت ھۆججەت تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ كەتكەن، دەپ قارايدىغانلار بولغان. مەن سېيىت ھۆججەتنىڭ بۇخارا ئەمىرىنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىگە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن قېچىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنمىگەن. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئادەم ئەمەس ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەيدىغان مۇز داۋاندىن ئۆتۈش، يەنە كېلىپ پىيادە ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تاغ ئاتلاپ قېچىپ كەلگەن ئادەم موڭغۇلكۈرەگە يېڭى خورۇم ئۆتۈك، يېڭى كىيىملەر بىلەن كېلەلەمدۇ؟ ئافغاندىن كەلگەن «شاھزادە» ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە كىرىشى بىلەنلا توپتوغرا تۇرمىگە كىرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما سېيىت ھۆججەت ئۇدۇل ئېلىخان تۆرىنىڭ بىقىنىغا ئورۇنلىشىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈلگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا قاراپ سېيىت ھۆججەتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم پەرەز قىلالىسا كېرەك، شۇنداقلا بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن غەلىتىلىك ھېس قىلماي قالمىسا كېرەك.

## 2) ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

1946 - يىلى ئۆرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرلىشىپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدىكى كۈنلەر ئىدى، غېنىنىڭ مېنى «كېلىپ كەتسۇن» دەپ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن، مەن ئىشتىن چۈشۈپ غېنى باتۇرنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇ يەردە تۇرسۇن تاھىر (باش ساقچى كادىرى)، مەھمۇت پارماش، رەفىق بايچۇرىن، ھوشۇر باتۇر، ھاشىر ۋاھىدى (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي)، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم بار ئىكەن. ھە دېگەندە غېنى باتۇر ئېلىخان تۆرە ھەققىدە شىكايەت قىلىشقا باشلىدى، ئېنىقراق قىلغاندا تىللاشقا باشلىدى، ئاخىرىدا «كىم ئۇ تۆرىنى باشلىق قىلىپ سايلاپتۇ، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنى ئالدىمغا سېلىپ قامچىلاپ تۇرۇپ، ئىدارىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن» دېدى. بىرنەچچەيلەن دەرھال ئۇنى قوللىدى. ساقچى ئەترەت كوماندىرى ھوشۇر باتۇر غېنىغا: «سەن بارمىغىن، بۇيرۇق قىلساڭ 200 ئەسكىرىمنى باشلاپ بېرىپ، ھازىر ئۇنى تۇتۇپ كېلىمەن.» دېدى. بۇ گەپلەرنى تۇيۇقسىزلا ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن ھەيران بولۇپ جىم ئولتۇردۇم. غېنى ئۆزى ئېيتقاندەك قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ئارىدا غېنى: «ئەپەندىم گەپ قىلمايسەنغۇ؟ بىر نەرسە دەپ باققىنە!» دېدى. مەن شۇ ئانلا جاۋاب بېرىپ: «ئېلىخان تۆرىنى ئورنىدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلىمەن، ئەمما ھازىر دېگەن ئۇسۇلۇڭلار ياخشى ئەمەس»

دېدىم. غېنى باتۇر: «ئەمىسە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ بىر نېمە دەپ باققىنا» دەپ تۇرۇۋالدى. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن: «ئىسمىمىز خەت يېزىپ ئۇنى ئىستېپا بېرىشكە زورلاش لازىم» دېگەن يەرگە كەلدۇق. بەزىلەر: «ئۇ ئىستېپا بېرەرمۇ؟» دېيىشتى. ئاخىرىدا «ئاۋۋال خەت يېزىپ كۆرەيلى، ئىستېپا بېرىشكە ئۇنىمىسا، يەنە ئويلىنىپ كۆرمەيمىزمۇ» دېيىشتۇق. غېنى باتۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قامچىسىنى ئالدى - دە، «20 مىنۇتتىن كېيىن كېلىمەن، دەرۋازىدىن چىقىشقا رۇخسەت يوق» دەپلا ئالا ئېتىغا مىنىپ، مۇھاپىزەتچىسى قۇربان شائخونى ئەگەشتۇرۇپ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە قورۇدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئويلىنىپ: «بۇ ئىش غېنى باتۇرنىڭ ئىشى ئەمەس، چوقۇم بىرەر ئورۇننىڭ غېنى باتۇرغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى؛ ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىر غېنىگە ئالاھىدە تويۇلدى بولغاي، شۇڭا ئۇ ھازىر يولىيورۇق سورىغىلى كەتتى» دەپ قارىدىم. غېنى باتۇر دېگەندەك 20 مىنۇتلاردىن كېيىن ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە قورۇغا كىرىپ كەلدى، ئات قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا: «ھەممىڭلار ئۆيگە كىرىڭلار!» دېدى. ھەممەيلەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، غېنى بىزگە مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشنى بايا دېيىشكىنىمىزدەك قىلىمىز، xxx خەتنى سەن يېزىپ چىقىپ، ئەتە ئەتىگەندە ماڭا يەتكۈزۈپ بەر» دېدى. xxx خەتنى باشقا بىرسى يازسۇن دېسە، غېنى ئۇنىمىدى. ئەلقەمگە قاراپ: «ئەلقەم، سەن گېزىتخانىدا ئىشلەيسەنغۇ؟ ئۇنى، بۇنى يازىسەنغۇ؟ سەن xxx كە ياردەملەشكىن» دېدى. كېيىنكى ئەھۋالنىڭ مۇنداق بولغانلىقى مەلۇم: كەچتە ئەلقەم ئەختەم xxx ئىزدەپ كەلگەن، xxx ئۇنى بىرەر ئولتۇرۇشقا بېرىپ قايتىپ كېلەلمەي قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، خەتنى ئۆزى يالغۇز يېزىپ چىققان. خەتتە ئالدى بىلەن ئېلىخان تۆرىنىڭ خىزمەتلىرى ئاز - تولا مەدھىيىلىنىپ، ئاخىرىدا خەلق ئىچىدە نارازىلىقنىڭ كۆپلۈكى، شۇڭا ئېلىخان تۆرىنىڭ تېزدىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەكلىكى، ئىستېپا بەرمىسە، قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقىدىغانلىقى، قانچە تېز ئىستېپا بەرسە شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئەتىسى سەھەردە بۇ خەت غېنىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

بۇ خەتنى شۇ ۋاقىتتىلا ھاشىر ۋاھىدى مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى ھەربىي پوچتىخانىغا ئېلىپ بېرىپ، پوچتىخانىدا ئۆزىگە كەلگەن خەت بار - يوقلۇقىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەن بولۇپ، شۇ كۈنلۈك خەتلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇپ قويغان، خەت شۇ كۈنىلا ئېلىخان تۆرىنىڭ قولىغا تەگكەن.

ئېلىخان تۆرە خەتنى ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز يېقىنلىرىدىن بىر قانچىسىگە كۆرسەتكەن. ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپ: «بۇ خەلقنىڭ ئىشى ئەمەس، ئايرىم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشى» دېيىشكەن بولىسىمۇ، ئېلىخان تۆرە شەھەر كامىنداتۇرىسىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، چۈشتىن كېيىن كوچىلارغا ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى چىقارغان. مەن چارلاپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنى كۆردۈم، ئەتىسىدىن باشلاپ «ئېلىخان تۆرە ئارشاڭغا كېتىپتۇ»، «ئېلىخان تۆرە يوقاپ كېتىپتۇ» دېگەن پاراڭلار تارقىلىشقا باشلىدى. ئېلىخان تۆرىنىڭ سوۋېتكە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى خەلق تېزلا بىلىپ كەتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئېلىخان تۆرە ئىشتىن چۈشۈپ، نامىسىز خەتنى كۆرۈپ، سوۋېتلىك مەسئۇل خادىمغا (2 - نومۇرلۇق ئۆيدىكى) كۆرسەتكەندە، ئۇ خادىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ شوپۇرى بىلەن مۇھاپىزەتچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەن. تۈن يېرىمىدا قورغاس چېگرىسىدىن بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇقۇشىمىزچە، شۇ چاغدا ئېلىخان تۆرىنىڭ يېقىنلىرى بۇ مەسىلىنى خېلى غۇلغۇلا قىلىشقانىكەن. ئېلىخان تۆرە ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ھېكىمبەگ خوجا ئىلى ۋىلايىتىگە ۋالىي بولدى. ئېلىخان تۆرە ئاغدۇرۇلۇشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ھېكىمبەگ خوجا غۇلجىدىن توققۇزتارا ناھىيىسىگە كەتكەن. ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، ھېكىمبەگ خوجىنىڭ توققۇزتاراغا كېتىشى، قايتىپ كېلىپلا ۋالىي بولۇشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن پىلانلانغان ئىشلار بولۇشى

مۇمكىن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسە، ئۆزەمچە كۈلۈپ قويىمەن.

1990 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىم:

1. ئېلىخان تۆرە ئەسلىدە سوۋېت ئادىمى بولۇپ، ئۇ 1929 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقول شەھرىدە ياشىغان. مىللىتى ئۆزبېك، ئاكىسى ئالىمخان تۆرە ئۆزبېكىستان ك گ ب سىدا مۇھىم ئەمەلدار بولغان.

2. بەزىلەر ئېلىخان تۆرە 1929 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن دېسە، بەزىلەر ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، قولغا ئېلىنغاندا تۈرمىدىن قېچىپ، شىنجاڭغا كەلگەن دەيدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭغا قانداق كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

3. ئېلىخان تۆرە ئىلىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان كۈنلەردە، تاشكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىغانلىكەن دېگەن گەپلەرمۇ بار.

4. ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، تاشكەنتتە مەلۇم ۋاقىت تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە دىنىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن دېيىشىدۇ. ئېلىخان تۆرە ۋاپات بولغاندا، زور داغدۇغا بىلەن دەپنە قىلىنغان، دېگەندەك گەپلەرمۇ بار.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئېلىخان تۆرە زادى كىم؟ دېگەن مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىش تەس. شۇنداقتىمۇ، مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارىغانىدىم:

1. ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادىمى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدە مەخپىي تەشكىلات باشلىقى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى بولالمايدۇ.

2. خەلق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن جاق تويۇپ، زۇلۇمغا چىدىماي تۇرغان چاغدا، ئېلىخان تۆرىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە بىر يېرىم يىل رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇشى ئۇنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈرگەن.

3. مېنىڭچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئېلىخان تۆرىگە دەسلىپىدە ئىشەنگەن، شۇنداقلا گۇمانلانغان، كېيىن ئىشەنمىگەن ھەمدە شىنجاڭ رايونىدا رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتى يوق دەپ قارىغانلىقتىن، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش بىلەنلا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كەتكەن.

**9. جاڭ جىجوڭ ۋە مەسئۇتلارنىڭ ئىلىغا بېرىشى**

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا نۇرغۇن تىجارەتچىلەر باردى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن گېنېرال جاڭ جىجوڭ، مەسئۇت سەبرى قاتارلىقلارمۇ ئىلىغا باردى.

جاڭ جىجوڭ ئەپەندى ئىلىغا كەلگەندە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالدى. بىر كۆڭۈلسىزلىك شۇ بولدىكى، جاڭ جىجوڭ ئەپەندى غۇلجا شەھىرىدىكى باغ سەيلىسى (ھازىرقى غۇلجا خەلق باغچىسى) گە بارغاندا، ئاما ئىچىدىن ئايرىم كىشىلەر گېنېرال جاڭ جىجوڭغا قارىتىپ شاپاق ئاتقان. جاڭ جىجوڭ ئەپەندى بۇ ئىشقا قانداق قارىغانلىقى نامەلۇم.

1946 ـ يىلى كۈزدە، مەسئۇت سەبرى تۇغقان يوقلاش، يۇرتىنى كۆرۈش نامى بىلەن غۇلجىغا بارغان. بۇ ئادەم ئەسلى ئىلىلىق بولۇپ، 1932 ـ يىلى ئىلىدىن تۈركىيىگە كەتكەن. كېيىنكى يىللاردا قايتىپ كېلىپ نەنجىڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ئۇ ئىلىغا تۇغقان يوقلاش نامى بىلەن كەلگەچكە، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئانچە كارى بولمىغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئىچىدە بۇ ئادەمنى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى پانتۈركىست دەپ تونۇغاچقا، كىشىلەر ئانچە يېقىنلىشىپ كەتمىدى. مەسئۇت سەبرى ئەينى چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى باش تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ بىرىنچى قېتىم ئىلىغا كەلگەن ئەمەلدار بولغاچقا، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدا خىزمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەن مۇنداق ئىككى ئىشقا ئارىلاشتىم. بىرى، مەسئۇت سەبرىنى

بىر قېتىم ياشلارغا دوكلات قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئەسئەت ئىسهاقوف (شۇ چاغدىكى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى) ئىككىمىز مەسئۇتنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ياشلار تەشكىلاتى نامىدىن ئۇ كىشىنىڭ بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشۇدۇق، ئۇ دەرھاللا ماقۇل بولدى. نۇتۇق «ئۇيغۇر - قازاق - قىرغىز كۇلۇبى» دا ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن 400 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مەسئۇت سەبرى ئىككى سائەتكە يېقىن سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاساسەن مائارىپنىڭ مۇھىملىقى، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى سۆزلەر ئىدى. شۇ ئارىدا كۇلۇبقا قارىغۇچى قالايمىقان ئادەملەرنىڭ كۇلۇبقا كىرىشىنى توساش ئۈچۈن ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ، يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن قۇلۇپنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق . . . ئەمما ئىشىككە قارىغۇچى تېزلا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. قالايمىقانچىلىقمۇ كۆرۈلمىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى ئارىسىدا مەسئۇت سەبرى غۇلجىدا بىر ئىلمىي جەمئىيەت قۇرماقچى بوپتۇ، دېگەندەك مىش - مىش گەپلەر ئاڭلاندى. بۇ ئىش مەقسەتلىك ھالدا پانتۈركىزملىق تەشكىلات قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغانلىق دەپ ھېسابلاندى (يېقىنقى يىللاردا شۇ مەزگىلدە مەسئۇت سەبرى دىنىي نازارەتتە يىغىن ئاچقاندا ئىلمىي جەمئىيەت تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ باشلىقلىقىغا داموللا رازى سايلانغانلىقىنى ئاڭلىدىم) . بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى سىرتقا ئېلان قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. چۈنكى شۇ چاغدا (1946 - يىلى كۈزدە) بۇ ئىشنى توسۇش ئۈچۈن ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن بىر نەچچە كىشى مەسئۇتقا قارشى تەشۋىقات ۋارىقى تەييارلاپ، شاپىگرافتا بىر نەچچە نۇسخا بېسىپ كېچىدە شەھەردىكى نوۋېگورد قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارغا چاپلىغان. تەشۋىقات ۋارىقىدا «مەسئۇت غۇلجىدىن تېز يوقال، بولمىسا ئاقىۋەتكە ئۆزەڭ مەسئۇل» دېگەندەك سۆزلەر بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇت سەبرىمۇ تېزلا غۇلجىدىن يوقالدى. شۇ قېتىم ئەزالىرىمىز كوچىدا تەشۋىقات ۋارىقى چاپلاۋاتقاندا ساقچىلار ئەزا ھاكىم جاپپار (80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى) نى تۇتۇۋالغان، ئەتىسى ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن. دېمەك، مەسئۇت ئەپەندىنى بىر قېتىم «ھۆرمەت» قىلىپ ياشلارغا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئارقىدىنلا ئۇنى غۇلجىدىن قوغلاپ چىقارغان.

## 10 . ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىدا

11 ماددىلىق بىتىمدا: . . . ئۈچ ئاي ئىچىدە ناھىيىلەردە سايلام ئۆتكۈزۈپ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى، ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ھەمدە ۋالىيلارنى سايلاش؛ ئۇلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلاش لازىم دېگەن بەلگىلىمىلەر بولغان. كېلىشىمدە يەنە، ناھىيىلەر سايلىغان ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى خەلقنىڭ ئارزۇلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ياردەملىشىدۇ دەپ يېزىلغان.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆلكە بويىچە بىتىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ سايلامغا تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يەنىلا سايلاپ چىقىلدى. ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغان كىشىلەر ئۇقتۇرۇش بويىچە 1947 - يىل 5 - ئايدا ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە توپلاندى. مەنمۇ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلانغاچقا، ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەلدىم. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى تۇرىدىغان ئورۇن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى قىزىل سىفەن (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئورنىدا) گە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، يىغىن ئورنىمۇ شۇ يەردە ئىدى. خوتەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر ۋىلايەت ۋەكىللىرى شەھەر ئىچىدىكى باشقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇقۇشىمىزچە، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرىنى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ

قىلىش مەقسىتىدە ئايرىم جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. گەرچە يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ تۇرىدىغان ئورنى باشقا - باشقا جايلاردا بولسىمۇ، باشقا ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئامال تېپىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھېسداشلىق قىلاتتى. يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللايدىغانلىقى، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئايرىم ۋەكىللەر گومىنداڭ تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەھەر ئىچىدىكى ياتاقلارغا بارماي، قىزىل بىناغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى كىچىك شەھەر بولغاچقا، پۈتۈن شەھەردە 40 — 50 كىشىلىك ياتىقى بار بىرەر مېھمانخانا يوق ئىدى. شۇڭا ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى قىزىل بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاقىتلىق تاختاي كارىۋات قويۇلغان سىنىپلار ياتاق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن، مەكتەپنىڭ يىغىن زالى چوڭ يىغىن زالى قىلىپ تەييارلانغانىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆز ئىشپىيونلىرىنى يىغىن تەييارلىق خىزمەتچىسى، كۈتكۈچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ياتاقلىرىغا، ئورۇن - كۆرپىلىرىنىڭ ئاستىغا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تاشلاپ قوياتتى؛ يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىچىدىكى بەزىلەرگە مۇكاپات پۇللارنى بېرىش، مەنسەپ ۋەدە قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن: كورلا ۋەكىلى ئوسمان ياقۇپ بىر كۈنى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، بىر باغلام پۇلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «تۇرمۇشۇڭغا ئىشلەتكىن دەپ ماڭا بۇ پۇلنى بەردى، ئۇقۇشسام باشقا ۋەكىللەرگە پۇل تارقاتماپتۇ، يالغۇز ماڭا پۇل بەرگەنلىكىگە قارىغاندا، مېنى سېتىۋالماقچى بولسا كېرەك» دېگەنىدى. بىر نەپەر بۈگۈر ۋەكىلى (دىنىي زات) گە ئۈچ ۋىلايەتكە ئېغىپ كەتمەي، گومىنداڭ تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، يىغىندىن كېيىن بۈگۈر ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشقان. لېكىن ئۇ كىشى نارازى بولغانلىقتىن، شۇ ھامان يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدۇق.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، يىغىن ئېچىش مۇمكىن بولماي قالدى. دەل ئەكسىچە گومىنداڭ تەرەپ يىغىنىنىڭ ئېچىلماي قېلىشىغا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى جاۋابكار قىلماقچى بولدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك بەزى تالاش - تارتىشلار بولغان، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەت كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن شىبە، داغۇر، خۇيزۇ ئۈچ مىللەتتىن بولغان ئۈچ نەپەر ۋەكىلنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇلار: «سايلام بەلگىلىمىسىدە: ئۇ مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلىنى شۇ مىللەتنىڭ مەركىزىي مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دېيىلگەن، بۇ ئۈچ ۋەكىل ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي ئۇيۇشمىلار تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئەمەس» دەپ تۇرۇۋالدى. بىز: «شىبە، داغۇر مىللەتلىرىنىڭ %99.5 ى ئىلى ۋە تارباغاتايدا ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا بۇ ئىككى ۋەكىل چوقۇم ئىلى - تارباغاتاي رايونىدىن بولۇشى كېرەك؛ ئىلىدا 30 مىڭدەك خۇيزۇ بار، شۇڭا ئۆلكە بويىچە تۆت خۇيزۇ ۋەكىلنىڭ بىرى ئىلىدىن بولۇشى لازىم. ئۆز خەلقى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، بىلمىگەن، تونۇمىغان، ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئۇ مىللەتكە ۋەكىل بولسا بولمايدۇ، خەلق ئۆزلىرى ئىشەنگەن كىشىلىرىنى ۋەكىل قىلىشى لازىم» دېدۇق.

بەلگىلىمە بويىچە 50 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار ناھىيىلەردىن ئىككى ۋەكىل سايلىنىدىغان بولغاچقا، ئىلىدا بىر، قەشقەردە ئىككى ناھىيە نوپۇسقا قاراپ بىردىن كېڭەش ئەزاسىنى ئارتۇق سايلىغان، گومىنداڭ تەرەپ بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلمىغان.

ۋەكىللەر مەسىلىسىدە گومىنداڭ تەرەپ يەنە «ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىچىدە ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدار بار ئىكەن، بۇ سايلام قوللانمىسىغا توغرا كەلمەيدۇ» دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت

ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ھەربىيلەر سايلامدىن بۇرۇن ھەربىي خىزمەت قىلغانلار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە ئۇرۇش يىللىرىدا ھەربىي خىزمەت قىلمىغانلار ئاز ئىدى. بىز نېمە ئۈچۈن سايلام مەزگىلىدە ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتىلگەن سايلام ھەيئەت مەسئۇلى مەمۇرىي خادىملارنى سايلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتمايدۇ؟ سايلانغان ئەزالارنىڭ ئانكېتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتكەن تۇرۇغلۇق، نېمە ئۈچۈن نەچچە ئايغىچە ئۆزلىرىنىڭ سايلانغۇچىلار ھەققىدىكى پىكرىنى بىزگە ئۇقتۇرمايدۇ؟ دەيمىز.

رەسمىيىتى تولۇق بولمىغان (ئالماشقان) ئاقسۇ ۋەكىلىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئىككى كۈن ئىچىدە تولۇقلىيالايدىكەنۇ، رەسمىيىتى تولۇق بولمىغان قەشقەر ۋەكىلىنىڭ رەسمىيىتى نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ؟ قەشقەرنىڭ تېلېگراف ئاپپاراتلىرى بۇزۇلۇپ قالغانمۇ ـ يە؟. بۇ يەردە قەشقەر ۋەكىللىرىنى چەتكە قېقىش بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ۋەكىللىك سالاھىيىتى ھەققىدىكى بۇ تالاش ـ تارتىشلار دەسلەپكى تالاش ـ تارتىشلار ئىدى. يىغىن جەريانىدىكى تۈپ زىددىيەت گومىنداڭ تەرەپتىن ئۆلكە رەئىسى قىلىپ مەسئۇتنىڭ بېكىتىلگەنلىكى بولدى. بۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق تالاش ـ تارتىش داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە خەلق ئىشلىرى نازىرى ۋاڭ xx (جالالىدىن ھاجى) ئۆمەك باشلىقلىرى يىغىنى چاقىردى (مەن ئىلى ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغاچقا، يىغىنغا قاتناشقانىدىم)، شۇ كۈنى چوڭ يىغىن باشلىنىدىكەن دېگەن مىش ـ مىش گەپلەرمۇ بولغانىدى، لېكىن رەسمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنغىنىنى ئۇقمىدۇق. ئەمما شەھەر ئىچىگە چۈشكەن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ ۋەكىللىرى چوڭ يىغىنغا قاتناشماقچى بولۇپ كېلىشكەنىكەن، ئۇلار چوڭ يىغىن زالىغا كىرىپ كېتىشتى. مەن ئۆمەك باشلىقلىرى يىغىنىغا كىردىم. بۇ يىغىندا نازىر ۋاڭ چوڭ يىغىن ھەققىدىكى بەزى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، يىغىن جەريانىدا تۈۋەندىكى تۆت مەسىلە ئۈستىدە پىكىر بىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى:

(1) شىنجاڭدىكى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ سانى ۋە ئورنى ھەققىدە (مەقسىتى — گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆزلەشنى چەكلەش).

(2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدە (مەقسىتى — مەسئۇتنىڭ رەئىس بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى چەكلەش).

(3) مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە (مەقسىتى — ئۈچ ۋىلايەتنى ھوقۇق دەۋاسى قىلماڭلار، دېمەكچى).

(4) بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىغا خىلاپلىق قىلماسلىق ھەققىدە (مەقسىتى — ئۆزىنى بىتىمگە سادىق كۆرسىتىپ، باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر قىلىشىنى توسماقچى).

ۋەكىللەرنىڭ پىكىر بېرىشىنى چەكلەشتەك بۇنداق شەرتلەرگە شۇ يىغىندىلا نارازىلىق بىلدۈردۈم ھەم: «ئەگەر بۇنداق شەرتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىكەن، مەسىلە ھەل بولمىغىچە چوڭ يىغىنغا كىرمەيمىز» دەپ ئۇ يىغىندىن چىقىپ كەتتىم. گومىنداڭنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت كېڭەش ئەزالىرى چوڭ يىغىنغا كەلمەي، يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى» دېگەن بۆھتانىنى چاپلىشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇدۇل چوڭ يىغىن زالىغا كىرىپ، چوڭ يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر تېخى ھەل بولمىغانلىقتىن، باشقا ۋەكىللەرنىڭ (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ) يىغىنغا كىرمەيدىغانلىقىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

شۇ كۈنلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۇيۇقسىزلا مەسئۇت سەبرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان كۈنلەر ئىدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ (غەربىي شىمال مەمۇرىي ھەيئەت مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى) مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىنى ھېچكىم بىلەن مەسلىھەت قىلمايلا، ئۆزى بېكىتىپ، نەنجىڭغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقان. مەسئۇت سەبرىنى بۇنداق تۇيۇقسىز رەئىس قىلىشقا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ نارازى بولدى. مەسئۇت سەبرى قاتارلىق ئۈچ ئەپەندى

www.uyghurkitap.com

(مەسئۇت، ئىمىن، ئەيسا) 1946 ـ يىلى بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا نەنجىڭدىن شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، گومىنداڭ تەرەپ بۇ ئۈچىيلەننىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى كۈرەشتە ئۇلاردىن پايدىلانماقچى بولغان. گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى مەسئۇتنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «كوممۇنىزمغا قارشى ئاتاقلىق پانتۈركىست» دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردا مەسئۇتنىڭ رەئىس بولغانلىقىغا قارشى نامايىشلار بولغان.

بىر قىسىم ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى مەسئۇتنى ئۆلكە رەئىسى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىپ جاڭ جىجوڭغا خەت يازغاندا، ئۇ بۇنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن 68 ۋەكىل ئىمزا قويۇپ جاڭ جىجوڭغا ئوچۇق خەت يېزىپ، يەنە بىر قېتىم مەسئۇتنى ئۆلكە رەئىسى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنىڭ ۋەكىللەرگە يازغان جاۋاب خېتىنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنى مۇنداق، ۋەكىللەرنىڭ قايتا يازغان خېتىنىڭ نۇقتىلىق ئىدىيىسى تۆۋەندىكىدەك:

(1) جاڭ جىجوڭ ئەپەندى جاۋاب خېتىدە: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن. ۋەكىللەر: مەسئۇتنىڭ رەئىسلىكى ئېلان قىلىنىشى بىلەن جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا بولدى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسى تەۋرىنىپ قالدى، نارازىلىق نامايىشلىرى بولۇۋاتىدۇ ... يۇقىرى ئابرويلۇق، ھەربىي ھوقۇقلۇق جاڭ جىجوڭ ئەپەندى رەئىس بولغان كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەربىيلەرنىڭ بىتىمگە قارشى ھەرىكەتلىرى بولغانلىقىنى ھەممىمىز كۆرگەن، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ھېچقانداق ھەربىي ھوقۇقى يوق كىشى رەئىس بولسا، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ ـ دېگەن مەزمۇندا رەددىيە بەرگەن.

(2) جاڭ جىجوڭ ئەپەندى جاۋابىدا: «مەركەزنىڭ قارار ـ پەرمانىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش پەقەت مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» دېگەن. ۋەكىللەر بۇ نۇقتىغا قارىتا: خەلقچىل ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان پەرمان ئەمەلىي ئەھۋالغا مۇۋاپىق كەلمىسە، يۇقىرىلارنىڭ پەرمانىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇش ھوقۇقى بولىدۇ ... ھۆكۈمەت خەلقنىڭ توغرا تەلىپىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ دۆلەت خەلقچىل دۆلەت بولالمايدۇ ... جۇڭخۇا مىنگو زۇڭلىنىڭ تەلىماتى بويىچە، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچى ھۆكۈمەت ئەمەسمۇ؟ ... ھۆكۈمەت خەلق پىكرىنى قوبۇل قىلمىسا، نېمىشقا خەلققە ۋەكىل سايلىتىدۇ؟ خەلق ۋەكىللىرىنى يىغىنغا چاقىرىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ دەپ يازغان.

(3) جاڭ جىجوڭنىڭ جاۋابىنىڭ ئۈچىنچى نۇقتىسىدا: «مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشى — ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا كۆرۈلگەن مۇۋاپىق چارە» دېيىلگەن. ۋەكىللەر بولسا: مەسىلە يۇرتداش، مىللەتداش، قانداش زاتنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇشىدا ئەمەس. مەسىلە 11 ماددىلىق بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا؛ مەسىلە ئومۇمىيۈزلۈك خەلقچىللىقنى قولىنىپ، ئۆلكىمىزدە ئەبەدىي تىنچلىقنى ئورنىتىپ، خەلقىمىزنى يۈكسەك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتە؛ كىم بېرىلگەن ھوقۇقنى رەت قىلىدۇ، كىم شېكەرنى ئاچچىق دەيدۇ؟ دەپ يازغان.

(4) گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ جاۋابىدا: «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالى تېخى يوقالغان ئەمەس» دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تارقىتىۋېتىلىپ، ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالغانىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭنىڭ بايرىقى ئېسىلىپ، ۋىلايەت ئىدارىلىرى ئۆلكىگە بويسۇنۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ۋەكىللەرنىڭ خېتىدە بۇ پاكىتلار سۆزلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سانىنىڭ ساناقتىن ئۆتمىگەنلىكى، ئۈچ ۋىلايەتكە گومىنداڭ چېگرا ساقچى ئەسكەرلىرىنىڭ بارمىغانلىقى ئەمەلىيەت، لېكىن بۇ مەسىلە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى پولك مۇسۇلمانلاردىن بولغان

ئامانلىق ساقلاش قىسمىنىڭ تەشكىل بولۇشى بىلەن ھەل بولىدىغان مەسىلە؛ بىتىمنى ئىجرا قىلىشقا ئىككى تەرەپ ئوخشاش مەسئۇل بولۇشى لازىم دەپ كۆرسەتتى. بۇ مەسىلىدە ۋەكىللەر تىنچلىق بىتىمىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئىككى تەرەپكە ئەۋەتىشنى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بېرىپ، جايلاردىكى تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلىش بىلەن ئىشلارنى تاماملاپ قايتسۇن، دەپ تەلەپ قويدى.

(5) ئاخىرىدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىپ، ھېچبولمىغاندا گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ سايلامغا قەدەر ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئۆتەپ تۇرۇشىنى قايتا تەلەپ قىلغان. ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى «دېموكراتىك ھاكىمىيەت» دەۋېلىشىغا بىردىنبىر دەسمايە ئىدى. ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ئۆلكە باشلىقلىرىنى سايلاش ھوقۇقى يوق، پەقەت خىزمەت تەكشۈرۈش، خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىلا بولغان. دېمەك، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

ۋەكىللەر ئۈرۈمچىدە يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى ئىككى ئايغا يېقىن كۈتۈپ ياتقان بولسىمۇ، يىغىن ئېچىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتتى. ۋەكىللەر قايتقان مەزگىلدە، قەشقەر ۋەكىلىدىن 25 ى، قاراشەھەر ۋەكىلىدىن بىرى، ئاقسۇ ۋەكىلىدىن بىرى، تۇرپان ۋەكىلىدىن ئىككىسى، جەمئىي 30 ۋەكىل گومىنداڭچىلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆز جايلىرىغا قايتماي، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا كەتتى (شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى توختام بويىچە قۇمۇل - ئالمۇتا ئارىلىقىدا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان بار ئىدى). شۇ چاغدا غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى: قەشقەر ۋىلايىتىدىن سىدىق مۇسايېف، ئابدۇرېھىم لېتىپ، خەلپەت سۇزۇك ھاجى، ئەسەت ياقۇپ، سوپى سەلەي، ئابلىز نىياز، ئىمىر باقى، ئابدۇكېرىم ھاشىم، مۇسا سايىت، مۇھەممەت تۇرسۇن (قىرغىز)، مۇھەممەت ھەسەن (قىرغىز)، ئىسمائىل ئىبراھىم، ئىبراھىم ئىسمائىل، ئوسمان داموللا، ئابدۇراخمان قارى ھاجى، ئەھمەت قازى، ئابدۇرېشىت ئەلەم، يۈسۈپ قارى ھاجى، ئەمەت خۇيجاڭ، تۇردى ئابدۇرېھىم، نەمەت ئەشرەپ، روزى ئەييۇپ، سىدىقخان خوجا (تاجىك)، دۆلەت كەلدى (تاجىك)، ئابدۇراخمان روزى (خىزمەتچى)، خوتەندىن ئوسمان تۇردى، ئاقسۇدىن سەمەتخان، قاراشەھەردىن ئوسمان ياقۇپ، تۇرپاندىن سىراجىدىن زەپەر، مۇھەممەت زەئىدى قاتارلىقلار بار.

ئىلىغا بارغان يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىدا قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە مۇۋاپىق خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1949 - يىلنىڭ ئاخىرلىرى خىزمەت ئۈمىكىگە قاتنىشىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ، ھەر ساھەلەردە مەسئۇل خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئېلىپ ئىشلىدى. بىر قىسىم ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەتكە كىرىشتى.

## 11. تىنچلىق بىتىمىنىڭ بۇزۇلۇشى

1947 - يىل 6 - ئايدا ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقتىن، ۋەكىللەر جايلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، 8 - ئايدا غۇلجىغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىتىم بۇزۇلۇپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ مەۋجۇت بولماي قالدى.

بىتىم نېمە ئۈچۈن بۇزۇلدى؟ بۇنىڭ بىر قاتار سەۋەبلىرى بار. تۈپ مەسىلە بىتىم تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەقسەت - مۇددىئالىرى بار: ئۈچ ۋىلايەت ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداپ قېلىش بىلەن تىنچلىق بىتىمى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بويىچە يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىنى

چەكلەشنى مەقسەت قىلغان، گومىنداڭ تەرەپ ھەر خىل ئامال - چارىلار ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنى بېسىپ، چەكلەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى يوقىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان.

گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى دائىم دېگۈدەك «ئالاھىدە بۆلۈۋالدىكلار»، «شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش نىيىتىدىن يانمىدىكلار» دەپ ئەيىبلەشكە ئۇرۇندى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ئەمەس، شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ خەلقئارا كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغان دەسلەپكى سۆھبەتلەردىلا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىپىنىڭ مۇستەقىللىق ئەمەس، ئاپتونومىيە ئىكەنلىكىنى بىلدىم» (جاڭ جىجۇڭنىڭ «ئۇرۇمچى سۆھبىتى» دېگەن ئەسلىمىسىدىن). 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلتاي ئاچقاندىمۇ، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. گومىنداڭ تەرەپ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، ھە دېسىلا زۇلۇمغا قارشى پىكىر - تەلەپ قويغان، تىنچلىق بىتىمىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغانلارنى «شەرقىي تۈركىستانچى» دەپ ئەيىبلىمەكچى بولدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەسلىدە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاش ۋاقتىدىلا سەمىمىي بولغان ئەمەس. پەقەت ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا مەقسەت قىلغان. شۇ چاغدا، ئۇرۇمچىدە گومىنداڭ ئارمىيىسى يوق دېيەرلىك بولۇپ، گەنسۇدىن يۆتكەلگەن مابۇفاڭنىڭ 5 - ئاتلىق كورپۇسى تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كېلەلمىگەن، ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭچىلار ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان ۋاقىت ئىدى.

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپ ئىزچىل ھالدا تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلدى، بۇ ھەقتە پاكىت ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، تۆۋەندىكى بىر نەچچە پاكىتلارنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن.

(1) تىنچلىق بىتىمىنىڭ 11 - ماددىسىدا، ئەينى ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىن قولغا ئېلىنىپ قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلارنى، بىتىم ئىمزالىنىپ 10 كۈن ئىچىدە، بىرلا ۋاقىتتا تەڭ قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ بېسىمغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ تەرەپ بۇ ماددىنى پۈتۈنلەي ئىجرا قىلمىدى، مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش ۋە بېسىمغا ئۇچراتماسلىق ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قورالنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقانلارنىمۇ ئۆلتۈردى. مەسىلەن: تاشقورغان تەرەپتە، تىنچلىق بىتىمى بويىچە قولىدىكى قوراللارنى تاشلاپ، يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا تۇرغان پارتىزانلارنى ئايروپىلان بىلەن بومبا تاشلاپ قىردى. قورال تاشلاپ يۇرتىغا قايتقان ئاممىنى تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلدى ھەم ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە يېڭىسارلىق تاشقورغان پارتىزانلىرىغا پولك كوماندىرى بولغان ھەسەن ھاجى ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىدىن ساۋۇت قارى، تۇرسۇناخۇن قاتارلىقلارنى مەخپىي ئۆلتۈردى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمان قىلىنغان 338 كىشى قەتلە قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن غوجا باشلىق 20 ئىلغار ياش، ئۆچتۇرپاندا ئۆلتۈرۈلگەن 18 ياش بار. قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ھەر خىل قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن قەتلە قىلىنغان ھەر مىللەت كىشىلىرى تېخىمۇ كۆپ. شۇ چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم 2000 دىن ئاشقان، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانىدىم. سېسىق نامى پۇر كەتكەن يەكەن ۋالىيسى جاللات جۇ فاڭگاڭ ۋە ئۇنىڭ ژاندارمىلىرى قورال تاشلاپ يۇرتىغا قايتقانلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنى باغلاپ قويۇپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ يېيىشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرگەن، دېمەك، بىتىم ئىمزالىنىپ، تېخى سىياھ قۇرۇماي تۇرۇپلا تىنچلىق بىتىمى گومىنداڭ

تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى.

(2) تىنچلىق بىتىمىنىڭ 1 - ماددىسىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆزلىرى ئىشەنگەن يەرلىك كىشىلەردىن مەمۇرىي خادىملارنى سايلاش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بىراق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقنىڭ دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئۆتكۈزۈشىگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا سايلام باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا گومىنداڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى، جاسۇسلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، ساقچى ئورۇنلىرىغا مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەن سايلام ھەيئەتلىرى سايلام خىزمىتى ئېلىپ بارغاندا يەرلىك گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ساقچى، جاسۇسلىرىنى، بەگ، بوجاڭ، لۈكچەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلارنى ئۇرغان، ئۇلارغا تەھدىت سالغان. بولۇپمۇ ئەكسىيەتچىلەر تەشكىللىگەن چوماقچىلار گۇرۇپپىلىرى ئۇلارنى كالتەكلەپ ئۇرۇپ ناكا قىلغان، بەزىلىرىنى ئۆلتۈرگەن. خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرى سايلام تەشۋىقات يىغىنلىرىنى ئوققا تۇتۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن. 1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كۇچانىڭ ھورۇنباغ مەيدانىدا ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىننى ئوققا تۇتۇپ، نەق مەيداندىلا ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆت كىشىنى يارىلاندۇرغان ھەم ئەزىز يۈسۈپ باشلىق ئون نەچچە كىشىنى تۇتقۇن قىلغان. بەزى جايلاردا خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى ياقتۇرغان كىشىلەرنى ھاكىملىققا سايلىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بېسىم ئىشلىتىپ، تەھدىت سالغان، شۇڭا بەزى ناھىيە ھاكىملىرى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

يەكەن ۋىلايىتىدە بىتىمنى قوغدىغان، دېموكراتىك سايلامنى تەشۋىق قىلغان نۇرغۇن كىشى گومىنداڭ تەرىپىدىن قامالغان. يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ئۆز دائىرىسىدىكى خەلقنى خالىغانچە قاماش، ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا ئۈرۈمچىدىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يەكەنگە بارغان مائارىپ تەپتىش خادىمى ئەنۋەر يۈسۈپنى قولغا ئېلىپ، ئىز دېرىكىنى يوقىتىۋەتكەن. شۇ كۈنلەردە يەكەندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىلغار زىيالىي ياش ئىمىن ئىسلامىمۇ جۇفاڭگاڭ تەرىپىدىن تۈرمىگە قامىلىپ، ئىز دېرەكسىز يوقالغان. ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېزىلاردا سايلام تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلاردىن تۇرسۇن ھەسەن، مەھمۇت نۇر، ئابدۇقادىر قارى، توختى نىياز، مۇھەممەت ئۆمەرئەلى، مەتىمىن توختى قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۇتۇپ، تۈرمىگە تاشلاپ، «تاشيول ياساشقا قارشى چىققانلار» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزگەن. ھەر خىل بەدناملار بىلەن قولغا ئېلىنغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

(3) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1947 - يىلى 25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. ئەسلىدە ئۈرۈمچىدە 200 چە كىشى (ئۇيغۇرلار) نامايىش قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىغا بېرىپ، جيۇچۈەندىكى قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلگەن بىر ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ جەسىتىنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ ۋەقەدىن كېيىنلا 22 - فېۋرال ئابلەھەت مەخسۇم باشلىغان بىر نەچچە مىڭ كىشى تىنچلىق بىتىمىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە نامايىش قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە 50 نەچچە خىل تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. گومىنداڭ تەرەپ بۇ نامايىشنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەشكىللىگەن، بىزمۇ «نامايىشقا نامايىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىمىز» دەپ، يىغىن ئېچىپ قارار قىلىش ئارقىلىق بىر قېتىملىق «كەڭ كۆلەملىك نامايىش» ئۇيۇشتۇردى. ئەسلىدە ئابلەھەت مەخسۇمنىڭ نامايىشى خەلق ئۆزى تەشكىللىگەن نامايىش بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان 72 خىل تەلەپمۇ ھەر خىل شوئارغا ئوخشاپ قالغانىدى. گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىپى لىيۇ مىڭچۈن، گومىنداڭ فىرقە مەسئۇللىرىنى يىغىپ، 25 - فېۋرال نامايىشىنى تەشكىللىدى. شۇ كۈنكى نامايىشتا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا قورشاۋغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، تەھدىت سالدى. نامايىشتا بىرنەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقىپ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى. 25 - فېۋرالدىكى بۇ نامايىشچى قوشۇن ئىچىدە يوقراچە كىيىنگەن، قوينىغا قورال يوشۇرۇۋالغان گومىنداڭ ھەربىلىرى، ساقچىلىرى، جاسۇسلىرى بار بولۇپ، ئاتالمىش بۇ نامايىشچىلارنىڭ توۋلىغان شوئارلىرى ئالدىن تەييارلاپ بېرىلگەن «گومىنداڭنى ھىمايە قىلىمىز!»، «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا يول قويمايمىز!»، «شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنىڭلا شىنجاڭى ئەمەس!» دېگەندەك يامان غەرەزلىك شوئارلار ئىدى.

(4) بىتىم ئىمزالانغاندىن باشلاپ گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە داۋاملىق ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەن جاسۇسلاردىن 90 نەچچىسى ئاشكارىلاندى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئويغىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى مەلۇم قىلغانلار ئىدى. گومىنداڭ ئەۋەتكەن جاسۇسلار ئالتاي، ساۋەن، قوبۇقسار قاتارلىق جايلاردىن ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئادەملەرنى تېپىپ ئۇلارنى قورال - ياراغ ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى، بۇ باندىتلار تېگىشلىك دەككىسىنى يەپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا قېچىپ بېرىۋالدى.

(5) 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ 10 - ماددىسىدا ۋە قوشۇمچە ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن ھەربىي ئىشلار مەسىلىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى 12 مىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ئامانلىق ساقلاش پولكى تەشكىل قىلىش ھەققىدىكى مەزمۇن گومىنداڭ تەرەپتىن ئىجرا قىلىنمىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ گومىنداڭنىڭ چېگرا ساقلىغۇچى قىسىملىرىنى ئۈچ ۋىلايەت رايونلىرىغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە يول قويالمايتتى.

(6) تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق كىرىم - چىقىملىرىغا گومىنداڭ تەرەپ مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي، مائارىپ راسخوتىنى، ھەتتا ھەربىي قىسىملارنىڭ تەمىناتىنى بېرىشتىن باش تارتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى گومىنداڭ تەرەپتىن راسخوت تەلەپ قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى مالىيە نازارىتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئايلاپ - ئايلاپ ياتتى. ئامال بولمىغان شارائىتتا راسخوتنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئاساسەن ئۆزى ھەل قىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا دائىر ئاساسىي مەسىلىلەردىن ئىبارەت. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە بىتىمگە خىلاپ كېلىدىغان تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بىرى، 1947 - يىلى ئالتاي سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى تۈركىستان (خەنزۇچە ئىسمى تۇدىزى) دۆربىلجىنگە بارغاندا، كەچتە كىنوخانىدا ئۈرۈمچىدىن تەييارلاپ ئېلىپ بارغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقاتقان، كىنوخانىدىكى ئاما تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىشقا قارشى تۇرغان، نەتىجىدە پەيدا بولغان ماجىرادا ئاما تۈركىستاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ بۇ خاتالىقنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قوشۇلغان. يەنە بىرى، 1945 - يىلى چۆچەك ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، چۆچەكتىكى گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 1400 دەك كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن، بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا، چۆچەك خەلقى ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرىدىن «ئۆچ ئالىمىز» دەپ، 30 نەچچە كىشىنى قوغلاپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. بۇ مەسىلىدىمۇ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ خاتالىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گومىنداڭ تەرەپ يۇقىرىقىلاردىن سىرت ئالتايدا ئوسمان ئىسلامنى كۈشكۈرتۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى سالدىيۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىدى دەپ، بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئۈچ ۋىلايەتكە دۆڭگەپ قويدى.

ئوسمان ئەسلىدە ئالتاي تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن كىچىك قوراللىق گۇرۇھ ئىدى. 1943 - يىلى يازدا تاشقى موڭغۇلىيىدىن بىر قىسىم قورال ۋە قالقاباي قاتارلىق 4 مەسلىھەتچى كەلگەندىن

كېيىن، گومىنداڭغا قارشى كۈرەش باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان بىلەن دەلىلقان سۇگۇربايېف پارتىزانلىرى بىرلىكتە ئالتايدا گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. 1944 ـ يىلى ئىنقىلاب ئىلىدا غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئوسمان، دەلىلقان پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ كۈچلىرىنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئالتايدا ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى تەشكىل قىلىنغاندا، ئوسمان ئالتايغا ۋالىي، دەلىلقان سۇگۇربايېف مۇئاۋىن ۋالىي ھەم قوشۇمچە ئالتاي ھەربىي قىسىملىرىنىڭ مەسئۇلى قىلىنغان. لېكىن ئوسمان ئىش ئورنىغا كەلمىگەن. بىر نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىنغاندا سارسۇمبە (ئالتاي) گە كېلىپ، ئاز ۋاقىت شەھەردە تۇرغان بولسىمۇ، يەنە يامانلاپ ئۆز يۇرتىغا بېرىۋالغان، شۇنداقلا ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە باغلاشقا كىرىشكەن. ئوسمان نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپكە ئېغىپ ئاسىيلىق قىلىدۇ؟

ئوسمان ئىسلام ساۋاتسىز كىشى بولۇپ، ئالتاينى ئىگىلەپ، چەكسىز ھۆكۈمران بولۇشنى، ئۆز ئالدىغا خان بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇنىڭ قازاق خەلقىنىڭ قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، ئاق كىگىزگە ئولتۇرۇپ، خانلىققا ئولتۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرگەنلىكى ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا ئىسپات بولالايدۇ. ئوسماننىڭ دىنىي جەھەتتە بىلىمى بولمىسىمۇ، قاتتىق ئىسلام مۇرىتى بولغاچقا، خۇراپاتلىقلارغا قاتتىق ئىشەنگەن، ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان «كوممۇنىستلار دىننى يوقىتىدۇ... ئاياللارنى ئومۇمنىڭ قىلىدۇ ...» دېگەن سۆزلەرگە قاتتىق ئىشەنگەن، چۈنكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا 1930 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن قاپاس موللىدەك ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلىرى بولغان. شۇڭا ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت قىزىللىشىپ كەتتى ... ئۇلار دىننى يوقىتىدۇ» دېگەن. ئوسمان ئالتايدا ۋالىيلىققا تەيىنلىنىپ، ئالتايدا بىرنەچچە ھەپتە تۇرغاندا، ئاياللارنىڭ ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە خىزمەت قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، «ئاياللار ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەك»، «كىنو قويۇلمىسۇن، ئۇ دېگەن جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئىشى» دېگەن. ھەتتا روزا تۇتمىغان، ناماز ئوقۇمىغان، ھاراق ئىچكەنلەرنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە دەررە بىلەن ئۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىشنى تەلەپ قىلغان، ئوسمان ئىسلامنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرىگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭمۇ بۇ خىل تەلەپلەرگە قوشۇلماسلىقى تەبىئىي ئىدى. ئوسمان ئىسلامنىڭ خالىغانچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئاقمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز تەبىئىتى بويىچە گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. دىنىنى دەستەك قىلىۋېلىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭغا تايىنىپ ئالتاينى ئىگىلەپ، ئالتاينى ئۆزى بىلگەنچە باشقۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. گومىنداڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوسماننى تېپىۋېلىش خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئوسماننى قوللاپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلدۇردى.

ئوسمان ۋالىيلىقنى تاشلاپ ئۆز ئاۋۇلىغا قايتقاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى، كونا قەدىناسلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، مەخپىي ھالدا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تەشكىللەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلىدى. گومىنداڭ تەرەپمۇ ئۇرۇمچىدىن ئوسمانغا ئالاقىچى، رادىيست گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەن، ئاز ـ تولا قورال، گەزمال، چاي، شېكەر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتكەن. 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئوسمان ئۇرۇمچىگە لاتىف باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، گومىنداڭدىن ھەربىي ياردەم سورىغان. گومىنداڭ تەرەپ بۇ قېتىم ئۇنى دەرھال 200 تۆگىگە ئارتىلغان 400 دانە مىلتىق، 30 پىلىموت، بىر قىسىم ئوق بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنداقلا ئاسىلبەك بىلەن قابدۇشنى ئىككى پەي پىلىموتچى ئەسكەر بىلەن، ماتيەنفۇنى 200 قوراللىق ئەسكەر بىلەن ئوسمانغا ياردەمگە ئەۋەتكەن.

www.uyghurkitap.com

گومىنداڭنىڭ قورال ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان 1947 - يىلى باھاردا ئىسيان كۆتۈردى. دەلىلقان ئاتلىق پولكى ئوسماننى تار مار قىلدى. ئوسمان بەيتىك (تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسى) تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ «بەيتىك ۋەقەسى» نى تۇغدۇرۇپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. يەنە شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ ئادەملىرى قوناباي بىلەن قورمان گېنېرال سۇڭ شىلىيەن ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ماكنان بىلەن كۆرۈشتى ۋە ماكنان بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمانى مىجىتلەرنى بەيتىككە باشلاپ باردى. ماكنان بەيتىكتە تۆت كۈن تۇرۇپ قايتتى. يۇقىرىقىلار گومىنداڭ تەرەپنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە تىنچلىق بىتىمگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى.

ئوسمان ئىسلام ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بەيتىككە قاچقاندىن كېيىنمۇ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەرىكەتلىرىنى توختاتمىدى. 1948 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتايغا يەنە 800 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلدى، بىر قىسىم قەبىلە باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. بۇنداق ئەھۋالدا دەلىلقان سۈگۈربايېۋ نەچچە يۈز ھەربىي، مەمۇرىي خادىمنى باشلاپ، ئالتايدىن چېكىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق چۆچەككە كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىلىدىن، چۆچەكتىن 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر تەييارلاپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سارسۈمبىنى ئالدى، كېيىندىنلا پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئوسمان ئالتايدا سارسۈمبىنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتا، كەڭ تۈردە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئۆرۈپ چېقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا بېرىپ جان ساقلىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گۇچۇڭدا ئوسمان ئۈچۈن ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇپ بېرىپ، ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى تەمىنلىدى، ئوسمانغا 1000 كىشىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇشقا رۇخسەت قىلدى ھەمدە يېڭى ئەسكەرلەرگە تەلىم - تەربىيە بېرىش نامى بىلەن گۇچۇڭغا 40 ئوفىتسېر ئەۋەتتى. ئوسماننى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بېرىپ، ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىدى. ئوسمان يەنە گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، دوست تارتىشتى. ئوسمان گۇچۇڭدا تۇرغان كۈنلىرىدە ئالتايغا ئادەم ئەۋەتىپ، داۋاملىق ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ باردى.

## 11. تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى تىنچلىق بىتىمگە قارشى ئۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ، «تىنچلىق بىتىمىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇزدى» دېمەكچى بولدى، ھەتتا «تۇرپان قوزغىلىڭى بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىدا ئاساسىي سەۋەب بولدى» دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا يۇلتۇز ئارقىلىق ئىلىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇ قوزغىلاڭ مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئۈچ ناھىيىدىن 300 دەك كىشى قۇربان بولدى. شۇ چاغدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھەربىي گارنىزونىنىڭ قوماندانى بولغان سۇڭ شىلىيەنمۇ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 - سانىدا) «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت قوزغىغان»، «ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى كادىر ئەۋەتكەن ... بۇنى ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىقرار قىلدى» دېگەندەك ئويدۇرما سۆزلەرنى قىلغان. گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە پاكىتلارنى بۇرمىلايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىقرارقىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر قانداق ۋەھشىي جازا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تىنچلىق بىتىمگە ئەمەل قىلىپ، بىتىمنى توغرا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مەزگىلدە، تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيىنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈشى

مۇمكىن ئەمەس، ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىشنىڭ ئۆزى خەلقنى قىرغىنچىلىققا تۇتۇپ بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقى ئىچىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ئەمەلىيەت. گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى كۆرگەن خەلق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىن گۇمانلانغان. خەلق ئىچىدە بىرەر تال قورالغا ئىگە بولۇش ئارزۇسىدا بولغانلار گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن مەخپىي مىلتىق، تاپانچا، ئوق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالغان. بىر تال ئاپتوماتنى مەھەللىدىكى تۆمۈرچى ئۇستا ياسىغان. يەنە 10 نەچچە تال قورالنى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ساقچىلار كۆتۈرۈپ چىققان، مەسىلەن: تۇرپان شەھەر غەربىي دەرۋازا ساقچىخانا باشلىقى ئابدۇجېلىل 10 نەچچە قوراللىق ساقچىنى باشلاپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان. ئابدۇجېلىل توقسۇندىكى بىر جەڭدە گومىنداڭنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا، گومىنداڭ جاللاتلىرى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، توقسۇن بازىرىغا ئېسىپ قويغان. ئابدۇجېلىل ئەسلى ئۈچتۇرپانلىق يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى سېرىق، كۆزى كۆك بولغاچقا، گومىنداڭچىلار ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئەۋەتكەن رۇس قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان. مەلۇم بولۇشىچە، شۇ چاغدىكى تۇرپان ناھىيىسىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا تۈرلۈك قوراللاردىن 105 تال (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئاپتومات) بولغان.

تۆت سوقما دېگەن جايدىكى بىر ماجىرادا گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۆز تەرەپدارلىرىغا بىر نەچچە تال قورال تارقاتقان. بۇنى كۆرگەن ياڭخىيلىق ئىمىن ئاخۇن (ئىمىن شاڭجاڭ) بىر نەچچە قوراللىق ئادەم باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنى قورشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان. گومىنداڭچىلار تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتىنى قەستلەپ يوقاتماقچى بولغان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇراخمان مۇھىتى مۇئاۋىن ھاكىم باۋۇدۇن يۇسۇپ بىلەن كېچىدە شەھەر سېپىلىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ، پاقابۇلاق تەرەپكە قېچىپ بارغان. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئاستانا يېزا ساقچى باشلىقى رەجەپ توختىغا خەۋەر بەرگەن. ئاستانىدا قوراللىق ھەم قورالسىز مىڭدەك كىشى سىڭگىم ئېغىزىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پوتەيلىرىگە ھۇجۇم قىلغان. پىچان قوزغىلاڭچىلىرىمۇ كېلىپ ئۇلارغا ياردەملەشكەن، لېكىن قوزغىلاڭچىلار قورال - ياراغنىڭ كەملىكى ۋە ناچارلىقى، جەڭ تەجرىبىسىنىڭ ھەم تەشكىل - ئىنتىزامىنىڭ بولمىغانلىقىدىن مەغلۇپ بولغان. ئەسلىدە ئابدۇراخمان مۇھىتى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تىنچلىق بىتىمىنى قاتتىق قوغداپ كەلگەن. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلارنى نەسىھەت بىلەن توسقان، قوزغىلاڭنى توسۇپ قېلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەينى ۋاقىتتىمۇ بىتىم مەزگىلىدە ھەم كېيىنكى يىللاردا تۇرپان قوزغىلىڭى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقانىدى. تۇرپان ئىنقىلابى ھەرىكىتى شەرەپلىك ئىش بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، 50 - يىللاردىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

## 12. ئىتتىپاق تەشكىلاتى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن، تىنچلىق بىتىمى ۋە بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە تۇرۇپ، بىللە ئىشلەش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئەھۋالدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتتى. يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن كۆپلىگەن كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى جايلاردىن ئۈچ ۋىلايەتنى قوللىغان ئىلغار كىشىلەر ۋە ياشلار ئىلىغا توپلاندى. بىتىم بۇزۇلۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش، شۇ ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى

تېخمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىپ، ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، 1948 - يىل 1 - ئاۋغۇستتا غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىندى. «ئىتتىپاق» تەسىس قىلىش يىغىنىغا يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە كېڭەش ئەزالىرى، تەرەققىيپەرۋەر ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىمۇ قاتناشتى. يىغىندا «ئىتتىپاق» نىڭ پروگراممىسى خاراكتېرلىك مۇراجىئەتنامىسى ماقۇللىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك قاتلىمى سايلاپ چىقىلدى. رەھبەرلىك تەركىبىگە ئۈچ ۋىلايەت مەسئۇل كادىرلىرى، ھەر مىللەت، ھەر تەبىقە ۋەكىللىرى كىرگۈزۈلدى، خ ئى پ ئۆز ئىشىنى توختىتىپ ئىتتىپاققا قوشۇلدى، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مۇ ئەمەلدىن قېلىپ، ئىتتىپاقنىڭ ياشلار بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ئىتتىپاقنىڭ تۆۋەندىكى ئاساسىي قاتلاملاردا يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسلىكىنى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈستىگە ئالدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ۋالىي، ھاكىملار قوشۇمچە ئىتتىپاق رەئىسى بولدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولۇپ، ئىتتىپاققا ئەزا بولغانلارنىڭ سانى 77 مىڭدىن ئاشتى. ئىتتىپاق تەشكىلى ئۆز نىزامنامىسىدا، ئۆزىنى سىياسىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن پەرقى شۇكى، ئىلىدىكى بۇ ئىتتىپاق تەشكىلاتىدا ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. چۈنكى تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش مەمۇرىي ئورگىنىنى تەشكىللەش بىتىمگە خىلاپ ھېسابلانغاچقا، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نامىدا رەھبەرلىك قىلغان. 1948 - يىلى ئاۋغۇستتا، ئىتتىپاق تەشكىل بولغاندىن كېيىنمۇ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم ئىتتىپاق رەئىسى نامىدا رەھبەرلىك قىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئىتتىپاق تەشكىلى قۇرۇلدى. ئىتتىپاقنىڭ نامىمۇ «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئىتتىپاقنىڭ باش ئىجرائىيە ھەيئىتى تەشكىللىنىپ، سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق بولدى. ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئۆگىنىش - تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرى ئېلىپ باردى. يەتتە ۋىلايەتتە بولسا، جايلاردىكى ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتى ئىتتىپاققا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇيۇشمىلارنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، كۇلۇب، سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئىتتىپاق رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى.

1952 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، بۇرۇنقىدەك ئۆشرە - زاكات ۋە ۋەخپە يەرلەرگە تايىنىپ مەكتەپ باشقۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. ئىتتىپاق قارىمىقىدىكى بارلىق مەكتەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ خىراجىتى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1953 - يىلى باش ئىجرائىيە ھەيئىتى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى، دەپ قارىلىپ ئىتتىپاقنىڭ تارقىتىلغانلىقى ئېلان قىلىندى. جايلاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ مالىيە ھېساباتى بوغۇلۇپ، ئېشىنغان نەق پۇلنى ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇقتۇرۇلدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇدىكى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ ئېشىنغان پۇلىنىڭ بىر قىسمى «خەلق باغچىسى» قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۆز جايلىرىغا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، قالغان قىسمى باش ئىجرائىيە ھەيئىتىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. جايلاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدىن يىغىلغان ئىقساد ئۈرۈمچىدىكى ھازىرقى «خەلق كۇلۇبى» قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

uyghurkitap.com

# ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى

## چوقان ۋەلىخانوف

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**3. ئالتەشەھەرنىڭ مەمۇرىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى**

ئالتەشەھەر چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە قارايدۇ.

جياڭجۈن — بۇ ئۆلكىنىڭ ئەڭ چوڭ مۈلكىي ھۆكۈمرانى ھەم ئۆلكىدىكى بارلىق ھەربىي قىسىملارنىڭ باش قوماندانى. جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئۈچ مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسى يەنى جياڭجۈننىڭ يېنىدا تۇرىدىغان ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى، ئۆلكىنىڭ شىمالىدىكى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋە ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدىكى يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى قارايدۇ. مانجۇ قوشۇنلىرى خوجىلارنى ئالتەشەھەردىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەرتىپىنى ساقلاپ قالدى. ئالدى بىلەن ئۇلار چېگرىنى قوغداپ، يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ھەرقايسى شەھەرلەرگە، ئىستېراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم جايلارغا، چېگرا بويلىرىغا ھەربىي قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇردى. ھاكىمبەگلەر ھەربىي قىسىم قوماندانلىرىغا بويسۇنىدۇ. مەسلىھەتچى ئامبال ھەربىي قىسىم بىلەن ھاكىمبەگلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ. پۈتكۈل ئالتەشەھەرگە مەسئۇل مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ ئورنى دەسلەپتە يەكەندە ئىدى، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلدى. 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپانغا يۆتكەلدى، كېيىن يەنە يەكەندە تۇرىدىغان بولدى.

مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ئالتەشەھەرنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىۋالمايتتى. پەقەت ھاكىمبەگلەرنىلا مانجۇ خانى ئوردىسى ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى.

ھاكىمبەگلەر بولۇپمۇ چېگرىغا يېقىن شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئاساسەن ئەڭ ئاۋۋال مانجۇ خانىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭ جەمەتلىرىدىن تاللىنىپ تەيىنلىنەتتى. ھاكىمبەگنىڭ يېنىدىكى ئىشكىئاغا بەگلەر ۋە شۇ دەرىجىلىك مەنسەپتىكى بەگلەرمۇ مانجۇ خان تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. ئادەتتىكى بەگلەرنى جياڭجۈن ياكى مەسلىھەتچى ئامباللار تەيىنلەيتتى. يەرلىك بەگلەرگە ئەمەل بېرىش — ئامبال دارىنلارنىڭ بايلىق توپلاشتىكى بىردىنبىر پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا مەلۇم بىر يۇرتنىڭ ھاكىمبېگى پۈتكۈل ئالتەشەھەرلىكلەر نامىدىن بېيجىڭ خان ئوردىسىغا سوۋغا ـ سالام ئاپىرىدۇ. قايسى ھاكىمبەگنىڭ بېرىشىنى ئىلى جياڭجۈنى بەلگىلەيدۇ. ھاكىمبەگلەر ھەر ئايدا ئىككى قېتىم ئامبالغا سوۋغا ـ سالام ئاپىرىپ ھال سورايدۇ.

چاغان بايرىمىدا ھاكىمبەگلەر يەنە ئىلى جياڭجۈننىڭ بايرىمىنى مۇبارەكلەپ سوۋغا ـ سالام ئاپىرىشىدۇ. يەنە چىڭ ئوردىسىغىمۇ سوۋغا ـ سالام يەتكۈزۈلىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىزگە ئېنتايىن نومۇس قىلغان ھالدا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەريىلى چاغاندا ئامباللار ھاكىمبەگلەرنى ۋە باشقا كىچىك بەگلەرنى يىغىپ، پادىشاھنىڭ سۈرىتىگەقارىتىپ تازىم قىلدۇرىدىكەن.



www.uyghurkitap.com

ئالتەشەھەردىكى ھەرقايسى شەھەرلەر ھاكىمىيەت ئىشلىرى جەھەتتە، بىر - بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكەن ئايرىم گەۋدە. ھەربىر شەھەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاكىمبېگى، ئىشىكئاغىسى ۋە خەزىنىچى بېگى بار. باشقۇرۇشقا ۋە باج -سېلىق يىغىشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى شەھەرلەرگە قاراشلىق يۈزلۈك ۋە مىڭلىقلار تەشكىل قىلىنغان. يۈزلۈكلەرنىڭ باشلىقى يۈزبېگى، مىڭلىقلارنىڭ باشلىقى مىڭبېگى دېيىلىدۇ. مىڭبېگىلەر مىراپبەگلەرگە قاراشلىق بولىدۇ. مىراپبەگلەرنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولۇپ، ئۇلار يىل بويى جېدەل - ماجىرالارغا سەۋەب بولىدىغان سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەردۇر.

مانجۇ ھۆكۈمىتى شەھەرلەردە ئامانلىقنى قوغدايدىغان ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت، يەرلىك پاششاپ بەگلەردىن تەشكىل تاپقان داڭزا دېيىلىدىغان ئامانلىق قوغداش مەھكىمىسىنى قۇرۇپ چىققان.

ئالتەشەھەردە خانلىق تەرىپىدىن قۇببەمونچاق ئىنئام ئېلىپ بەگ دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەزىپىسى يوق بەگلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ياكى ئارىلىشالماسلىقى ئۇلارنىڭ ئامبال ۋە ھاكىمبەگلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار تېخى ئۆز ئالدىغا يانچى ئىگىلىيەلەيدۇ. ئامبالنىڭ تۆكچىلىرى، دورغا بەگلەر، مىراخوربەگلەر (ئامبال، ھاكىمبەگلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى باشقۇرىدىغانلار)، كىچىك بەگلەرنىڭ خوجىدارلىرى ۋە باشقا ئۇششاق -چۈششەك بەگلەر ئاشۇ خىلدىكى بەگلەرگە كىرىدۇ. ئامبال، ھاكىمبەگلەرنىڭ چاكارلىرىمۇ خېلى ھوقۇقى بار كىشىلەر ھېسابلىنىپ، ئۇلار دارازا دېيىلىدۇ.

ئالتەشەھەردە ئەدلىيە ھوقۇقى يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ئۆلىمالارغا بېرىلگەن. ئەلەم ئاخۇنۇم — ھەم دىنىي رەھبەر ھەم باش سوتچى. ئەلەم ئاخۇنىنىڭ قول ئاستىدا قازىلار بىلەن مۇپتىلار بولىدۇ. يەنە چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، خاتىپ، مەزىن، مۆتىۋەللىلىرى (ئۆشرە - زاكات يىغىشقا مەسئۇل) ۋە كىچىك خانىقالارنىڭ ئىماملىرىمۇ مەخسۇس دىنىي ۋەزىپىدىكى ئۆلىمالار ھېسابلىنىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتىن سىرت، ياشلارغا ئىسلام تەربىيىسى بېرىش ۋەزىپىسىمۇ بار. مەدرىسلەردە دەرس بېرىدىغان ئۆلىمالار مۇدەررىس دېيىلىدۇ. چوڭراق يېزىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەلەم، قازى، مىراب، مىڭبېگى ۋە يۈزبېگى دېگەندەك مۇلكىي ۋە دىنىي ئەمەلدارلىرى بار. كىچىك يېزىلارنى مىراپبەگ بىلەن مىڭبېگى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. يېزا بەگلىرى شەھەردىكى ھاكىمبەگكە بويسۇنىدۇ. قەشقەردە ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن مائاش ئالىدىغان بەگلەر 61، دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر 55، يەكەندە بەگلەر 36، دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر 95. بەگلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك تەرتىپى ئىلگىرىكى خانلار دەۋرىدىمۇ، خوجىلار دەۋرىدىمۇ ھەم ھازىرقى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمىدى. مانجۇلار كېلىشتىن ئىلگىرى ھاكىمبەگلەرنى خەلق سايلاپ چىقاتتى ھەم خالىغان چاغدا يەنە خەلق ئېلىپ تاشلىيالايتتى، ھەتتا ھاكىمبەگلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكىمۇ بولاتتى. ئەمما ئۇ چاغدىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ۋە تەسىر كۈچىمۇ بار ئىدى. ئۇلار دۆلەتمەن ھەم خەلق ئىچىدە ئابرويلۇق بولۇپ، ياسىداق ئارغىماقلارغا مىنىپ، توغ -ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ماڭىدىغان بولسا، ناغرا -سۇناي سادالىرى ئىچىدە، ئاۋام خەلق كەينىدىن بىللە ماڭاتتى. خەلق ھاكىمبەگلەرنى ھۆرمەتلەپ ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىرىشاتتى. ھازىرقى ھاكىمبەگلەرنىڭ بىر يەرلىرى ئامبال دارىنلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇلار ئامبال دارىنلارنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدۇ. ئۇلار دەبدەبە بىلەن يولدىن ئۆتسە، لەشكەرلەر يولدىكى ھەممە ئادەمنى قوغلاپ يېقىن يولاتمايدۇ. ھازىر ئىلگىرىكىگە ئوخشايدىغىنى پەقەت نەغمە - ناۋا. ئالتەشەھەر بەگلىرىنىڭ قەسىرلىرىنىڭ يېنىدا مەخسۇس ياسالغان مۇنارلار بولۇپ، بەگلەر چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغاندا ئاشۇ مۇنارلاردىن ناغرا - سۇنايلار ياڭراپ ئىشتەي نەغمىسى قىلىپ

بېرىدۇ.

ئالتەشەھەردىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ خەزىنىگە تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقلىرى تەكشى ئەمەس. ھۆكۈمەت رەسمىي نوپۇسقا ئالغان دېھقانلار چىققان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى، باشقا دېھقانلار ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى غەللە - پاراق ھېسابىدا تاپشۇرىدۇ. تىجارەتچى ۋە ھۈنەرۋەنلەر باج - سېلىق ھېسابىدا پۇل تۆلەيدۇ. يىغىلغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ بىر قىسمى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. بەزىدە دېھقانلار ئاشلىق ئورنىغا پاختا، رەخت دېگەندەك نەرسىلەرنى بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئالتەشەھەرنىڭ مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قانچىلىك باج تاپشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئالتەشەھەردە بىر مەزگىل تۇرغان بىر خەنزۇ ساياھەتچى «غەربىي دىياردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن بىر كىتاب يازغان بولۇپ، كىتابقا تۇتۇن سېلىق ۋازارىتىنىڭ بىر سانلىق مەلۇماتى قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ مەلۇماتتا، ئالتەشەھەرنىڭ تۆلەيدىغان باج - سېلىقى خاتىرىلەنگەن ئىكەن. بۇ ساياھەتچى ئالتەشەھەردە تۇرغان كىشى بولغاچقا، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولاتتى. بىراق، ئىياكىنىف ئەپەندى بۇ كىتابنى «جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام بىلەن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغان. تەرجىمە نۇسخىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلار كىتابتىكى سانلار بىلەن ئۇدۇللاشمىغان. بىز قەشقەرىيىدە يەرلىك ئاھالىلەردىن سوراپ توپلىغان سانلىق مەلۇماتلار ئەسلى كىتابتىكىگە ئاساسەن يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا بىز يەرلىك ئالتەشەھەرلىكلەردىن ئىگىلىگەن سانلارنى ئاساس قىلدۇق. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: يەكەندىن يىلىغا 61 مىڭ تاي ( توپ ) گەزلىمە، 31 مىڭ تاغار بۇغداي، 30 مىڭ تەڭگە پۇل (ئېيىغا 2500 تەڭگە) يىغىلىدىكەن. ھېلىقى كىتابتا، ئالتەشەھەردىن يەنە 35 مىڭ 370 سەر كۈمۈش دېھقان بېجى، 1649 سەر كۈمۈش تاپاۋەت بېجى، 30 سەر ئالتۇن، 800 گىن (ئېغىرلىق بىرلىكى بولسا كېرەك-ت) ياغ، 15 مىڭ گىن پاختا 3000 گىن مىس، 1432 دانە تاغار، 1297 باغلام ئارغامچا يىغىلىدۇ دېيىلگەن. قەشقەردىنلا 3600 سەر كۈمۈش، 1400 تاغار ئاشلىق يىغىلاتتى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ئىشلار بولۇپ ھازىر ھۆكۈمەت بۇنداق كۆپ ئالۋاڭ سېلىقلارنى يىغالمايدۇ. ھازىر مۇھاجىرلار بىلەن قىرغىزلار باجنى قوقان ئاقساقىلىغا تاپشۇرىدۇ. چاي سودىگەرلىرىمۇ باجنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياكى ئۈرۈمچىدە تۆلەپ بولۇپ كېلىدۇ. ئالتەشەھەرلىكلەر چەتتىن يىپەك رەخت ۋە بۆز رەخت ئەكىرسە %10، باشقا تاۋارلاردىن %5 باج ئېلىنىدۇ. چارۋا مال، ئولتۇراق ئۆي، مال - مۈلۈك سودىسىدىن 100 سەر كۈمۈشكە 3 سەر كۈمۈش باج ئېلىنىدۇ.

ئالتەشەھەردە باج - سېلىق مىڭلىق، يۈزلۈك تەۋەسىدىكى ئائىلىلەرنى دەرىجىلەرگە بۆلۈپ دەرىجە پەرقى بويىچە يىغىلىدۇ.

بۇنداق باج - سېلىق ئېلىش ئۇسۇلى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مانجۇلار ئالتەشەھەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندە يولغا قويۇلغان. ھازىر ئائىلىلەرنىڭ سانى كۆپەيگەنلىكتىن باج - سېلىق يىغىش ئۇسۇلىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ھازىر بۇرۇنقىدەك يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان سېلىقنى ئايدا بىر قېتىم ئېلىشقا ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭدا ھاللىق دېھقان ئائىلىلەردىن ئادەم بېشىغا 6 تەڭگىدىن 12 تەڭگىگىچە، نامرات ئائىلىلەردىن 1 تەڭگىدىن 3 تەڭگىگىچە ئېلىنىدۇ. 6 تەڭگىدىن تۆلەيدىغان ئائىلىلەر يىلىغا 2 خو (3 پۇت)، 10 تەڭگە تۆلەيدىغانلار 4 خو، 12 تەڭگە تۆلەيدىغانلار 15 خو ئاشلىق تاپشۇرىدۇ. نامرات ئائىلىلەردىن ئېيىغا 1 تەڭگە تۆلەيدىغانلار يىلىغا 10 خو، 2 تەڭگە تۆلەيدىغانلار 20 خو ئاشلىق تاپشۇرىدۇ. يۇقىرىقى سېلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بولۇپ، يەرلىك بەگلەر يەنە ئۆز ئالدىغا ھەسسىلەپ سېلىق چاچاتتى.

شەھەرلەردىكى ئوقەتچى، ھۈنەرۋەنلەرمۇ سېلىقتىن خالىي بولالمايتتى. شەھەرلەردە ئېيىغا 6 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار ئۈچ تەڭگىدىن 4 تەڭگىگىچە، 1 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار 12 تەڭگە، 2 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار 20 تەڭگە، 3 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار 30 تەڭگە تاپاۋەت

www.uyghurkitap.com

بېجى تاپشۇراتتى.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ ۋە سالمىقى ئېغىر ئىدى ھەم ھەر خىل كىرىملىك ئائىلىلەرگە چېچىلىشىدىمۇ تەقسىمات ئۇسۇلى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ سېلىقلارغا يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ رەڭگا رەڭ ئالۋان - ياساقلىرى قوشۇلۇپ خەلقنىڭ يېلىكىنى قۇرۇتۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى.

باج - سېلىقتىن كىرگەن كىرىمنى يەرلىك ئامباللار ھەربىي خىراجەتكە سەرپ قىلسىمۇ يەنىلا يەتكۈزەلمەيتتى. چىڭ ئوردىسى ئىلى جياڭجۈنىگە ھەر يىلى 2 مىليون سەر كۈمۈش ( 4544 پۇت 74 قاداق ) ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ پۇلنىڭ يېرىم مىليون سېرى ئالتەشەھەرنىڭ ھەربىي خىراجىتىگە كېتەتتى. كېيىنكى يىللاردا ئىچكى جۇڭگودا ئۇرۇش پارتلاپ يۇقىرىدىن كېلىدىغان تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئالتەشەھەر ئامباللىرى ئوردىغا ئەۋەتىلىدىغان سېلىق كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى ئەۋەتمەي يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلەتتى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالتەشەھەردە 1500 دەك ھۆكۈمەت ئەسكىرى بار. يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئەسكەر بولۇش مەجبۇرىيىتى يوق. ئۇلار دېھقانچىلىق قىلىدۇ. بۇيرۇتلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يۇرت مانجۇلار قولىغا ئۆتكەن دەسلەپكى چاغلاردا ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ئۆز ئارمىيىسى بولىدىغان، كېيىن مانجۇلار يەرلىك ئارمىيىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى تارقىتىۋەتكەن.

باشقا جايلاردىكى مانجۇ قوشۇنلىرىغا ئوخشاش ئالتەشەھەردىكى قوشۇنلارمۇ ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان. ئاز بىر قىسىم ئەسكەرلەردىلا مىلتىق بولۇپ، كۆپ سانلىقلىرى يەنىلا نەيزە، ئوقيا دېگەنلەرنى ئىشلىتىدۇ. سېپىل مۇداپىئەسىدە زەمبىرەك بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۈچ ئادەم بىرلىشىپ ئاتىدىغان ئېغىر تىپتىكى مىلتىقلارنى ئىشلىتىدۇ. ئەسكەرلىرى تولىمۇ بوشاڭ، ئەپيۇنكەش ھەم كېسەلمەن. بىرەر قوزغىلاڭ پارتلاپ قالغۇدەك بولسا، ئەسكەرلەر سېپىل ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ ئىلى

تەرەپنىڭ ياردىمىنى كۈتۈشتىن باشقا ھېچ ئىلاج قىلالمايدۇ.

ئالتەشەھەردىكى ئامبال دارىنلارنىڭ روھى چۈشكۈن بولۇپ، دائىم بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك ھالەتتە تۇرىدۇ. ھەتتا قىرغىزلار ھۆكۈمەتنىڭ كارۋانلىرىنى بۇلاپ كەتسىمۇ ئامال قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار پەقەت ئالتەشەھەردىلا ئەمەس، شىمال تەرەپتىمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، چۆچەكتە بۇلاڭچىلار شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىلا سودا كارۋانلىرىنى بۇلاشقا باشلاپتىكەن، سودىگەرلەر ئامباللاردىن ياردەم سوراپتۇ، ئامباللار سودىگەرلەرگە «ئەڭ ياخشىسى بۇلاڭچىلارنىڭ چىشىغا تەگمەڭلار» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. دېمەك بۇ يۇرتلاردا خانلىق قوشۇنلىرى تاشقى دۈشمەن بىلەن ئىچكى مالىمانچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئىچكىرىدىكى قوشۇنلار بىلەن ئىلى جياڭجۈنى قوشۇنلىرى ياردەم بېرىپ بولالمايدۇ. ئەينى چاغدا جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا خانلىق ئارمىيە بىلەن ئىلى جياڭجۈنى قىسىملىرى ياردەمگە كەلگەنىدى. ئەمما كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق قوزغىلاڭلاردا ئىچكىرىدىن قوشۇن چىقمىدى. ئىلى جياڭجۈنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ ئەسكەر ئەۋەتمىدى. پەقەت 1847 - يىلىدىكى قوزغىلاڭدا قالماقلار بىلەن تارانچىلاردىن چېرىك تۈتۈپ ئەۋەتتى.

ئۇرۇش تەييارلىقى يۈزىسىدىن مانجۇ ھۆكۈمىتى لەنجۇدا زاپاس ئارمىيە ساقلىدى ھەم قۇمۇل، ئۈرۈمچىلەردە ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى سالدى.

ئالتەشەھەر بىلەن مانجۇ خان ئوردىسى زۆرۈرىيەت بولسا ئايدا بىر قېتىم، بولمىسا 4-5 ئايدا بىر قېتىم ئالاقىلىشالايدۇ. قوزغىلاڭلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن يولغا چىققان خان قوشۇنلىرىمۇ ئالتەشەھەرگە ئالتە ئايدا ئاران يېتىپ كېلەلەيدۇ. غۇلجا تەرەپ بىلەن 18-20 كۈندە بىر قېتىم ئالاقىلىشالايدۇ. شۇڭا ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئالتەشەھەرگە ئەسكەر ئەۋەتكىنىنىڭ پايدىسى يوق. ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولغاچقا يەرلىك خەلقلەر تاشقى كۈچ بىلەن بىرلىشىۋالسىلا مانجۇ قوشۇنلىرى ھەرگىز تەڭ

كېلەلمەيدۇ.

هەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئاقسۇنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ شەھەر ئالتەشەھەرنى ئىلى ۋە ئىچكى جۇڭگو بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئاقسۇدىن قالسا چېگرا شەھەرلەردىن قەشقەر، ئىچكى قاتناش تۈگۈنلىرىدىن بارچۇق ۋە بۈگۈرلەرنىڭ ئورنى مۇھىم. ئالتەشەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغلار تەبىئىي توساق بولغاچقا، بۇ توساقلاردىن ئۆتمەك تەس. قىش پەسلىدە بۇ تاغلارنى قار بېسىپ كەتكەچكە، تېرەك داۋىنىدىن باشقا تاغ يوللىرى ئېتىلىپ قالىدۇ.

قۇرۇم، بولور تاغلىرىنىڭ يولى بەك خەتەرلىك بولغاچقا، مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۇ يەردىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ يەردىكى تاغ ئېغىزلىرىنى ئازغىنە ئەسكەر ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. قەشقەر چېگرا شەھەر بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ھازىر مانجۇ ھۆكۈمىتى قەشقەرنى ئوبدان قوغدىيالماي قالدى. ئوتتۇرا قىسىمدىكى شەھەرلەرمۇ تىنچ بولمىغاچقا، قەشقەردىكى چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى ئاشۇ شەھەرلەرگە يۆتكەپ كېتىلدى. 1825 - يىلىدىن كېيىن مانجۇلار ھەر قايسى شەھەرلەردە سېپىل سوقۇپ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. بۇ سېپىللار ئانچە پۇختا بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ يەنىلا رولى بار. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئاشۇنداق سېپىللاردىن بۆسۈپ كىرەلمەي، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، سېپىل ئىچىدىكىلەرنى ئاشلىقتىن قىيناش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ شەھەر ئالىدىغان ئۇرۇشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئالتەشەھەرلىكلەر مانجۇ خاندانلىقىغا بېقىنىدۇ دېسە، بەزىدە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇلار ئىچكىرىدىن چىققان مىللەتلەرنى يەكلەيدۇ، شۇنداقلا ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. شۇڭا ھازىر ئالتەشەھەر ھەربىي كۈچكە تايىنىپلا ئىدارە قىلىنىۋاتىدۇ. ئالتەشەھەردە خوجىلار قوزغىلىڭىنىڭ داۋاملىق مەغلۇب بولۇپ مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سەلتەنەت سۈرۈپ كېتىۋېرىشىدە مۇنداق سەۋەبلەر بار: بىرى، ئالتەشەھەرلىكلەر بىر-بىرى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ. يەنە بىرى، ھەر قېتىم قوزغىلاڭ پارتىلىغاندا قوقانلىقلار قول تىقىدۇ. قاچانكى مۇشۇ سەۋەبلەر تۈگىسە، بۇ ئۆلكە جۇملىدىن ئالتەشەھەرنىڭ مانجۇ خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇپ كېتىشىدە گەپ يوق.

يۇقىرىقى ئىككى سەۋەبنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ھەددى - ھېسابسىز ئالۋان - سېلىقلار، ئامبال، ھاكىمبەگ، بەگلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋە مۇشتۇمزورلۇقى ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ھۆكۈمرانلارغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ قىلىۋەتكەن.

ئالتەشەھەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا پايدىسىز بولغاچقا، ئۇلار ئىشنى ئوڭ قىلاي دېسە، ئالدى بىلەن ئالتەشەھەرلىكلەرگە يۇمشاق قوللۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ھۆكۈمرانلار بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يەرلىك خەلقنى قانلىق باستۇرۇۋاتىدۇ. خەلق كۆنلەرنىڭ بىرىدە خوجىلارنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ قان قىساسىنى ئېلىپ بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، زۇلۇمغا سەۋرى قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمىتى ھەر بىر قوزغىلاڭدىن كېيىن چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ، مەسچىتلەرنى چاقىدۇ. قوزغىلاڭدا خەلق زىيان تارتقىنى بىلەن، يۇرت ئىچىدە ئىناۋىتى بار بەگلەر مەيلى ئۇلار قوزغىلاڭغا قاتناشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا يۇقىرى ئەمەلگە ئېرىشىپ، داۋاملىق يۇرت سورايدۇ. مانجۇلارنىڭ بۇ قىلىقى تۈركىيە سۇلتانلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرگە قاراقچىلار ئاتامانىنى باش ۋالىي (گوبېرناتور) قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتكىنىگە بەكمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخان مازىرى شەيخىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالى بولسا باشقا گەپ. ئۇ شەيخنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى تاسادىپىي بولماستىن، ئەينى چاغدىكى قەشقەر بايۋەچچىلىرى ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئامبالدىن ئۆلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

ئالتەشەھەردە مانجۇ چېرىكلىرى يوللاردا ئاتتىن چۈشۈپ ئۆزلىرىگە تازىم قىلمىغانلارنى كۆرسە تۇتۇۋېلىپ دۇمبالايتتى. بازارلاردا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالسا، ئاشپۇزۇللاردا تاماق يېسە، مۇتتەھەملىك قىلىپ ھەق تۆلىمەيتتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى قەشقەردە خوجىلار ھەققىدە پاراڭ سېلىشنى چەكلىگەن بولۇپ، ئاغزىدىن «خوجا» دېگەن گەپ چىقىپ كەتكەنلەرنىمۇ باشقا يۇرتلارغا پالىۋېتىدۇ. ئەسلىدە «خوجا» سۆزى تۈركچە «ئەپەندىم» دېگەنلىك بولاتتى. شۇ ئىشلاردىن كېيىن قەشقەرلىكلەر «خوجا» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئاخۇن» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدىغان بولدى. ئالتەشەھەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىرى قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭ جەمەتىدىن قويۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ ھاكىمبەگلەر يەرلىك خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارى بولماي، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئامبال دارىنلارغا خۇشامەت قىلىش بىلەن ئۆتتىدۇ، خەلقنى رەھىمسىز جازالايدۇ. شۇڭا نۇرغۇن ئالتەشەھەرلىكلەر يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىدۇ. ئامباللار يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقىنى ئوبدان بىلسىمۇ بىلمەسكە سالىدۇ. ئالتەشەھەردە ئۆزاق مۇددەت ۋەزىپە ئۆتىگەن بىر خەنزۇ ئەمەلدار ئۆزىنىڭ «غەربىي دىيار ھەققىدە مەلۇمات» دېگەن ئەسىرىدە، «كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ، بەگلەر زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ مال ـ دۇنيا توپلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. نامراتلار ئازراقلا بىر نەرسىگە ئېرىشسە، ئۇلارنى قۇرۇقداپ قويغىلى ئون بەگ قاراپ تۇرىدۇ» دەپ يازغىنىدەك ئەھۋاللار ئالتەشەھەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئامباللار يەرلىك بەگلەرگە كۆڭلىدە غۇم ساقلىسىمۇ، ھەسەت قىلسىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار يەرلىك بەگلەرگە تايانمىسا ئەلنى باشقۇرالمايدۇ. ئامباللار يەرلىك بەگلەر بىلەن خەلقنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. مانجۇلار قەشقەرلىكلەرگە ھەرگىز ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئادەتتە قەشقەردىن يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەر چىقمايدۇ. بىر چاغلاردا قەشقەردىن قۇتلۇق بەگ ئىسىملىك بىر ھاكىمبەگ چىقىپتىكەن، ئەمما ئۇ ئۇزاق تۇرالماي ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىنىپتىكەن. بەگلەر 6 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىككە ئېرىشكەن ھامان ئۆزگىرىپ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىدۇ. ئادالەتنى ياقلايدىغان بەگلەر تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەر ئارىسىدىن ۋە يېزا بەگلىرى ئارىسىدىن ئانچە-مۇنچە چىقىپ قالىدۇ. ئاتۇش يېزىلىرىنىڭ مىڭ بەگلىرىدىن خالىق بەگ بىلەن تاھىر بەگلەر ئەنە شۇنداق خەلقپەرۋەر بەگلەر ئىدى.

ئالتەشەھەردە مانجۇ خانلىق قىسمىلىرى نىسبەتەن ئاجىز. ئۇلار يەرلىك خەلق بىلەن قوقان كۈچلىرىدىن ئىبارەت مۇھاسىرىنىڭ ئىچىدە پايدىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاشۇنداق ئەھۋالدىمۇ خوجىلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ داۋاملىق مەغلۇپ بولۇۋېرىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئالتەشەھەرلىكلەر خېلى بۇرۇنلا ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەبكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ ئىككى مەزھەب ئەسلىدە دىنىي مەزھەب بولسىمۇ، ھازىر سىياسىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ئالتەشەھەردە قارا تاغلىقلار باش كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭگىۋارلار ۋە مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، ئاق تاغلىقلار مانجۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، قارا تاغلىقلارنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىۋالغان. 1758 ـ يىلى ئاق تاغلىق خوجىلار مۇستەقىللىق كۈرىشىنى باشلىۋىدى، قارا تاغلىقلار جىم تۇرۇۋالدى. قارا تاغلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر دۈشمىنى بولغان مانجۇلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنىمۇ خالىمايتتى. بۇ ئىككى مەزھەب پەيدا بولغان چاغلاردا، بىر تەرەپ كىشىلىرى بېشىغا ئاق تەقىيە، يەنە بىر تەرەپ كىشىلىرى قارا تەقىيە كىيىۋالاتتى. ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق دېگەن شۇنىڭدىن قالغان. قوقانلىقلار قەشقەردىن بارغان مۇھاجىرلارنى تاغلىق دېيىشىدۇ. ھازىر بۇ ئىككى مەزھەب مۇرتلىرىنى باش كىيىمىگە قاراپ ئايرىغىلى بولمايدۇ. ئىككى

مەزھەبنىڭ مۇرتلىرى ئۇرۇشۇپ قالغاندا، بىر - بىرىنى «سىنىڭ پىرىڭگە لەنەت» دەپ تىللىشىدۇ. ئاق تاغلىقلاردا قانچىلىك ئادەم بار، قارا تاغلىقلاردا قانچىلىك ئادەم بار، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچالاردا ئاق تاغلىقلار كۆپ بولسا، يېڭىسار، يەكەن، خوتەنلەردە قارا تاغلىقلار كۆپرەك. قەشقەرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئوخشاش ئەمەس. قەشقەر شەھىرى بىلەن ئۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى يېزىلاردا ئاق تاغلىقلار كۆپ بولسا، غەربىي جەنۇبتىكى يېزىلاردا قارا تاغلىقلار كۆپ. قەشقەردىكى مۇھاجىرلار بىلەن شالغۇتلار گۇرۇھى ئايرىلمايدۇ. قايسى مەزھەبنىڭ خوجىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرسە شۇنىڭغا قاتنىشىۋېرىدۇ. ئالتەشەھەردە ئاق تاغلىقلارنىڭ سانى كۆپرەك، ئەمما ئازراق ئىمكانىيىتى بار ئاق تاغلىقلار قوقانغا چىقىپ كېتىپ ئۆز خوجىلىرىنىڭ يېنىدا پاناھلىنىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئىككى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ سانى ئاساسەن تەڭلىشىپ قالىدۇ. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئاتۇشلۇق شەيخ ئاخۇن بولسا ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرى ئەتراپىدا ھازىرمۇ ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ مۇرتلىرى ناھايىتى كۆپ. تېخى بۇ مازارنىڭ بىر سوپىسى مانجۇ ئامبىلى تەرىپىدىن قوقانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. قارا تاغلىق سوپى - ئىشانلار ھازىرمۇ مەرغىلاندىكى پىرلىرىغا سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. خانئېرىق يېزىسىغا ئەلەم بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر سوپى دانىيال خوجىنىڭ پۇشتى بولۇپ، ئۇ قەشقەردىكى قارا تاغلىقلارنىڭ كاتتىسى ھېسابلىناتتى. قارا تاغلىقلار بۇ سوپىغا كارامەت چوقۇنىدۇ.

ئەينى چاغدا ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدىغان ئاق تاغلىق خوجىلار قەشقەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندە، مانجۇ ھۆكۈمدارلىرى قارا تاغلىق خوجىلارغىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىغا چەك قويمىغان. چۈنكى، ئۇ چاغدا مانجۇلار بۇ ئىككى مەزھەبتىكى خوجىلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىشنى تېخى بىلمەيتتى. مانجۇلار پەقەت ئاق تاغلىقلارنى بەيماۋزى، قارا تاغلىقلارنى خېيماۋزى دەپلا چۈشىنەتتى.

ئالتەشەھەردە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلالماسلىقى ۋە خوجىلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ داۋاملىق مەغلۇپ بولۇۋېرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى يەنىلا مۇشۇ ئىككى گۇرۇھتىكى خوجىلارنىڭ ئۆزئارا پىتنىشالماسلىقىدىن كۆرسەك بولىدۇ.

ھەرقانداق ئەلدە شۇنداق بىر كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ مۇقىم بىر غايىسى، كۆز قاراش، تەشەببۇسلىرى بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت جاھاننىڭ ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كېتىشىنى، تىنچ تۇرماسلىقىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

قەشقەردە ياكى پۈتكۈل ئالتەشەھەردە ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دەرۋىش، بەڭگى، قىمارۋاز، ماكانسىز سەرگەردانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. بىرەر قوزغىلاڭنىڭ شەپىسى چىقىشى ھامان ئۇنداقلار قارامىلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، ئامبال دارىن، بەگ - دورغىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. ناۋادا خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ كەتكۈدەك بولسا، يەنە ئاشۇ يالاڭتۆشلەر خوجىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ، مانجۇلارغا يانتاياق بولىدۇ. شۇڭا ھازىرقى ئالتەشەھەرنىڭ ۋەزىيىتىنى مانجۇ ھۆكۈمىتىگىمۇ، خوجىلارغىمۇ پايدىلىق دېگىلى بولمايدۇ.

ئەمدى قوقاننىڭ ئىچكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئالتەشەھەرگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

قوقانلىقلارنىڭ ئالتە شەھەرگە تەسىر كۆرسىتەلىشىدىكى سەۋەب، بىر تۈركۈم قەشقەر خوجىلىرىنىڭ قوقانغا قېچىپ بېرىپ، پەيت كۈتۈپ ياتقانلىقىدا.

شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرىدە ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتايدىغان خوجىلارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇپ، كاتتا نوپۇزغا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنى سەئىد، خوجا، شەيخ، ئەمىر دېگەن ناملار بىلەن ئاتىشىپ، يۇقىرى دىنىي ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە دىنىي ئۆلىمالار ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىر خىلى مۆرتلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ھەتتا چوڭ دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئاتا مىراس خوجا ئەۋلادلىرى يەنى سەئىدلەر. يەنە بىر خىلى، شەيخۇلئىسلام ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن قازى، مۇدەررىس دېگەندەك دىنىي ئۆلىمالار. بىرىنچى خىلدىكىلەر سەئىدلەر (خوجىلار)، خەلىپىلەر، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ پۇشتى دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوجىلارنىڭمۇ يۇقىرى -تۆۋەنلىك دەرىجىسى بولۇپ، دەرىجە ئورنى كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى خوجا كالان دېيىلىدۇ. خوجا كالاننىڭ ئاستىدا ئىشان نەقىب (باش سوپى)، ئىشان سەدىر (باش ئىشان) دېگەندەك ھەر دەرىجىلىك سوپىلار بولىدۇ. مۇنداق ناملارغا پەقەت سەئىد ئەۋلادى بولغان كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكى ئۆلىمالار شەيخۇلئىسلام بېكىتكەن دىنىي ۋەزىپىدىكى ئۆلىمالار بولۇپ، ئەمىرلىكتە بىر شەيخۇلئىسلام، ئىككى قازى كالان، بىر قازى ئەسكەر (ھەربىي سوتنىڭ سوتچىسى)، بىر رەئىس (شەرىئەتنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلغۇچى) ۋە بىرمۇنچە قازى -قۇززات (سودىيەلەر)، ئەلەملەر (قازىنىڭ ھۆكۈمىنى بېكىتكۈچىلەر)، يەرلىك قازىلار ۋە مۇپتىلار تەسىس قىلىنغان بولىدۇ. يەنە ئىمام، خەلپەت، خاتىپ ۋە ئادەتتىكى مولىلارمۇ ئىككىنچى خىلدىكى ئۆلىمالارغا تەۋە كىشىلەردۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادا دىن كۈچلۈك ھەم يېتىلىقتا ئىنتىلىش يوق. شۇڭا خوجا، ئىشانلار بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، ئىناۋەت تېپىۋالغان. سوپى - ئىشانلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «مېنىڭ ئەۋلادلىرىم قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئۇلارنى ھۆرمەتلىگىنىڭلار مېنى ھۆرمەتلىگىنىڭلار بىلەن باراۋەر» دېگەن ھەدىسىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۆز خوجىلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈشىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن خوجىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ. خوجىلار ئەمىرلەرنىمۇ ئۆز گېپىگە كىرگۈزەلەيدۇ. خەلقمۇ خوجىلارنى ئەۋلىيا دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادا خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى ۋە خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1) ساھىپزادىلەر: ساھىپزادىلەر فەررۇخىيلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان خوجىلار جەمەتى. بۇ جەمەتتىكى خوجىلار مىيانلارنىڭ ئەۋلادى. بۇ خوجىلار ئاتا تەرەپ ئەجدادىنى نېرىسى خەلىپە ئۆمەرگە، بېرىسى ئىمام راببانىغا تۇتاشتۇرىدۇ. ئانا جەمەت ئەجدادىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمەگە ئاپىرىدۇ. بۇلار پىشاۋۇردىن كۆچۈپ كەلگەن جەمەت. بۇ جەمەتتىكى خوجىلاردىن مىيان فازىل ئۆلىما قادىر بۇخارادا، ئۇنىڭ ئىنىسى مىيان بۇزرۇك (كاتتا ھەزرەت) قوقاندا، يەنە بىر ئىنىسى مىيان مۇھەممەد خېلىل ئىشان 1842 - يىلى بىزنىڭ روسىيىدە ئەلچى بولغان. بۇخارا ئەمىرىنىڭ ساھىپزادىلەردىن ئالغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلى ھازىر ئاقچىدا بولۇپ، ئۇ ئافغانىستاندىكى دوست مۇھەممەتكە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ساھىپزادىلەر جەمەتىدىكى خوجىلارغا ھەزرەت دېگەن نام بېرىلگەن.

2) قەشقەر خوجىلىرى: قەشقەر خوجىلىرى ئاساسەن قوقان بىلەن مەرغىلانغا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان خوجىلارنى كۆرسىتىدۇ. قوقاندىكىلىرى سامساق خوجىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئاق تاغلىق خوجىلارغا تەۋە. مەرغىلاندىكىلىرى ئابدۇللا خوجا، خان خوجىنىڭ مۆرتلىرى بولۇپ، قارا تاغلىقلارغا تەۋە. قارا تاغلىق خوجىلارغا «تۆرە» نامى بېرىلگەن.

3) تۈركىستان خوجىلىرى: بۇ خوجىلارمۇ قەشقەر خوجىلىرىغا ئوخشاش ھەقىقىي سەئىدلەر دەپ قارىلىدۇ. بۇ خوجىلار ئۆزلىرىنى پاتىمەنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار تۈركىستان شەھىرىدە، ھەزرەتتە ۋە كۆچمەن قىرغىزلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

4) كاسان خوجىلىرى: بۇلار كاسان بىلەن نەمەنگاندىكى خوجىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارمۇ سانى كۆپ جەمەتلىك خوجىلاردۇر.

5) مەيدان خوجىلىرى: مەيدان خوجىلىرى

ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئارىسىدىكى خوجىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خوجىلار جەمەتىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار چېچەك كېسىلىگە شىپا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى تېرىشنى كەسپ قىلغاچقا، چەكمە خوجىلار ( تېرىغۇچى خوجىلار) دەپ ئاتىلىدۇ.

6) خەلىپە ئۆمەر ئەۋلادىدىكى خوجىلار: بۇلار تاشكەنت شەھىرىدە ياشايدىغان خوجىلاردۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل جەمەتتىكى خوجىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

قوقان بىلەن ئالتەشەھەردە كىشىلەر ئۇلۇغ بىلىدىغان گۈمبەزلىك مازارلارغا قارايدىغانلارنى شەيخ دەپ ئاتايدۇ. بۇ شەيخلەر ئۆزلىرىنى ئاشۇ مازارلارغا كۆمۈلگەن شېھىتلارنىڭ ئەۋلادى ياكى مۇرتى دەپ قاراپ، بىر ئۆمۈر ئاشۇ مازارلارنى باقىدۇ. مازارغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن مۇخلىسلارنىڭ سەدىقە - پىتىرلىرىنى ئېلىپ تۇرىدىغان بۇ شەيخلەرنىڭ بەزىلىرى كاتتا بايلارغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ مازارلارنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا مۇناستىرلىرىدىن قېلىشمايدۇ. مازارلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ۋەخپە يەرلەر ۋە چارۋا ماللار بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق مازارلار مۇنۇلار: ئۈرگەنچ (خىۋە خانلىقىدا) تىكى پالۋان ئەھمەد جەمشى مازىرى، بۇخارا ئەتراپىدىكى باھاۋۇدۇن نەقشبەندى مازىرى بىلەن جاھان خوجا مازىرى، تۈركىستاندىكى خوجا ئەھمەت يەسسەۋى مازىرى قاتارلىقلار. بۇ يەردە يەنە مال - دۇنيا توپلاش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان يالغان مازارلارمۇ خېلى بار.

مەرغىلاننىڭ جەنۇب تەرىپىدە شاھىمەردان مازىرى دېگەن بىر مازار بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھەزرىتى ئەلىنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلغان دەپ ئىشىنىدۇ. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۇفە چۆللۈكىدە شېھىت بولغانلىقى پاكىت بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئاللا تائالا ئاسماندىن بىر ئاق تۆگىنى چۈشۈرۈپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مازىرىنى مۇشۇ يەرگە يۆتكىگەن دەپ، ئۆز قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ.

ئوش ئەتراپىدا تەختى سۇلايمان (سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەختى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ تاش بار. كىشىلەر مۇشۇ تاشنىڭ يېنىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەسەف ئەلەيھىسسالام بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار دېيىشىدۇ. ئوش شەھىرى ھەققىدە يېزىلغان دىنىي كىتابلاردا دېيىلىشىچە ئوش — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرى چۈشكەن شەھەر ئىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا ساھابىلەرگە: ھاياتىڭلاردا بىر قېتىم بولسىمۇ ئوش شەھىرىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلىڭلار دېگەنىكەن. ئوش شەھىرىگە ھەر يىلى باشقا جايلاردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ تاۋاپچىلار كېلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ.

خوجىلار ئۆلۈم جازاسىدىن ۋە ئالۋاڭ - ياساقلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغان. ساھىپزادىلەر بىلەن قەشقەر خوجىلىرى ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن كىشىلەر دەپ قارالغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمىرلەر (خانلار) ئۇلارنىڭ پەتىۋاسىغا بەك ئىشىنىدۇ. بۇ ئەمىرلەر خوجىلارغا قول بېرىپ، ئۇلارغا مۇرت بولغان. بۇخارادىكى ئەڭ چوڭ خوجا ھېسابلىنىدىغان خوجا كالان ساھىپزادىلەر جەمەتىدىن چىققان بولسا، قوقاندىكى ئەڭ چوڭ خوجا سابىرخان تۆرە قەشقەر خوجىلىرىدىن چىققان . 1842 - يىلى روسىيىدە ئەلچى بولۇپ تۇرغان مىيان مۇھەممەد خېلىل ئۆزى ئىشان نەقىب (باش سوپى) دەرىجىسىدىكى خوجا دېيىلىدۇ. ئىشان سەدىر (باش ئىشان) دەرىجىسىدىكى بىر خوجا 1829 - يىلى پېتىربورگدا ئەلچى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. دېمەك، خوجىلار دۆلەتنىڭ سىياسىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا بىمالال ئارىلىشالايدۇ. خوجىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىرى باي بولغىنى بىلەن، كىچىك خوجىلار نامرات بولۇپ، ئۇلار تۇمار پۈتۈپ سېتىش، يۇۋاش كەمبەغەللەرنى ئالداش ۋاستىلىرى بىلەن جان باقىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ بۇرۇنقى بوۋىسى مەخدۇم ئەزەم پادىشاھ قاتارىدا ھۆرمەت قىلىنغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىغا،

www.uyghurkitap.com

«شاھزادە» گە تەڭ كېلىدىغان «تۆرە» نامى بېرىلگەن.

ھازىر قوقان بىلەن مەرغىلاندا تۇرۇۋاتقان قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى 200 كىشىدىن ئاشىدۇ. مەرغىلاندىكى قارا تاغلىق خوجىلار ھازىرچە قوزغىلاڭ كۆتەرمەي جىم تۇرۇۋاتىدۇ. ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرى قارا تاغلىقلاردىن كۈچلۈك ھەم ئۇلارغا قىرغىزلار يانتاياق بولىدۇ. ئەنجان، شەھرى خان، قاراسۇ يېزىلىرىدا 50 مىڭغا يېقىن قەشقەرلىك مۇھاجىر بولۇپ، ئۇلار ھەر قاچان ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. شەھەرلەردىمۇ قەشقەر مۇھاجىرلىرى ئاز ئەمەس. تاشكەنت ئەتراپىدا قەشقەر مۇھاجىرلىرى پەرپا قىلغان يېڭىشەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار. 56 مىڭدىن ئوشۇق بۇ مۇھاجىرلار ئاق تاغلىق خوجىلار ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنياسىنى ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ. باي، دۆلەتمەن ئاق تاغلىقلار ئاساسەن قوقاندا پاناھلىنىدۇ.

كىشىلەر خوجىلارغا ھەددىدىن زىيادە چوقۇنىدۇ. ھەممەيلەن بەدەخشان ئەمىرلىكىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئاكا-ئۇكا خوجىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. بۇ گەپ ـ سۆزلەر كىشىلەرنىڭ خوجىلارغا بولغان چوقۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خۇددى بورس ئەپەندى ئېيتقاندەك: «مانجۇلارنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىپ، ئۇلارنى خوجىلاردىن قورقىدىغان قىلىۋەتتى».

ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنىڭ ماشاق قەبىلىسى ئاپەتكە ئۇچراپ ھالاك بولغاندا، بارلىق قىرغىزلار بۇ قىسمەتنى ماشاق قەبىلىسىنىڭ ئەينى چاغدا جاھانگىر خوجىنى مانجۇلارغا تۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن كۆرۈشتى. ھازىر قوقانلىقلار جاھانگىر خوجىنىڭ تۇرالغۇسىدا مەسچىت سېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار خوجىلارنىڭ ھەممە ئىشىنى قەتئىي توغرا دەپ ئىشىنىدۇ. خوجىلار زىناخورلۇق قىلسا، ھاراق ئىچسە، كوچىلاردا ئاياللارنى تۇتۇۋېلىپ چۈمبىلىنى ئېچىۋەتسە، كىشىلەرگە ئۇلار ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەر خوجىلارنى كاتولىك مۇخلىسلىرى پاپانى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار خوجىلارنى بارلىق ئىنسانلاردىن پاك ئىنسان دەپ قارايدۇ.

مانجۇ خاندانلىقى قوقانلىقلارنىڭ ئالتەشەھەرگە نەقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان شاھ بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھاننى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، مانجۇلار بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ھەر يىلى سۇلتان شاھقا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ تۇردى. بۇنداق سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىش تاكى قۇندۇز ئەمىرى بەدەخشاننى مۇنقەرز قىلغانغا قەدەر داۋام قىلدى. تاشقى سودىغا سەل قارايدىغان مانجۇ خان ئوردىسى ئالتەشەھەرنىڭ تاشقى سودا بېجى يىغىش ھوقۇقىنى قوقان تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە قوقان خانىغا دائىم سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ تۇردى. مانجۇلار مۇشۇ شاپائەتلەرنىڭ بەدىلىگە قوقان ئەمىرىدىن خوجىلارنىڭ قوقاندىكى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ھەققىدە ۋەدىگە ئېرىشكەنىدى. ئەمدى قوقان تەرەپنىڭ بۇ ۋەدىگە ئەمەل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. مانجۇ خاندانلىقى ئالتە شەھەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىنلا قوقان بىلەن سودا قىلىشنى باشلىغانىدى.

ئەينى چاغدىكى قوقان خانلىرىدىن ئېردەنى، ناربوتالار مانجۇلارنىڭ ئالتەشەھەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بېيجىڭ خان ئوردىسى قوقاندا تۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتتى. قوقانمۇ ئالتەشەھەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئەمما 1825 ـ يىلدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، قوقانلىقلار مانجۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، خوجىلار مەسىلىسىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، مانجۇلارغا بېسىم ئىشلەتتى، نەتىجىدە 1831 ـ يىلدىكى شەرتنامە تۈزۈلدى. شەرتنامە بويىچە ئالتەشەھەردىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوقاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقىلى باشقۇرىدىغان، تاشقى سودىدىن كىرىدىغان باجغا قوقان تەرەپ ئىگە بولىدىغان بولدى.

قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقال (سودا ۋەكىلى) نى قوقان خانى ئۆزى تەيىنلەيتتى ھەمدە تاشقى سودا بىجىنى ئاقساقالغا ھۆددىگە بېرەتتى. ئاقساقالمۇ ئالتەشەھەرنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى كىچىك ئاقساقاللارغا باجنى ھۆددىگە بېرەتتى. دەسلەپكى ئاقساقال سودىگەرلەردىن تەيىنلەنگەندى. كېيىن ھەربىيلەر ئارىسىدىن تەيىنلىنىدىغان بولدى. باش ئاقساقال قەشقەردە تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا زاكاتچى (باجگىر)، خەزىنىچى، مىرزا (كاتىپ) ۋە ئەسكەرلىرى بارئىدى. ئالتەشەھەردە قوقانلىقلارنىڭ سودا- سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، قوقانلىقلار ئالتەشەھەرنىڭ باشقا يەرلىرىدىن تاپىدىغان ئومۇمىي پايدىنى خوتەندىن تاپىدىغان پايدىغا تەڭ قىلمايدۇ. ئاقساقال ھەرقايسى يېزىلارغا باج يىغىش ئۈچۈن دىۋان بەگكە بىر مۇنچە ئەسكەر قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ چوڭ باغىش قەبىلىسىدىكى ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئەلبەگلىرىمۇ ئاقساقاللارغا زاكات يىغىپ بېرىدۇ. ئاقساقالنىڭ قەشقەردە ساقچىلىرى، قازى ۋە ئىماملىرى بار.

ئاقساقالنىڭ كىرىمىنىڭ قانچىلىكلىكى نامەلۇم. ئاقساقال باج ئالغاندا مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ تاپقان پايدىسىنىڭ 40دىن بىرىنى ، يەھۇدى ۋە ھىندىلاردىن 10دىن بىرىنى ئالىدۇ. شالغۇتلار قوقانلىقلار قاتارىدا باج تاپشۇرىدۇ. پاختا بىلەن ئاشلىققا ئون پاتمانغا بىر پاتمان زاكات ئېلىنىدۇ. مېۋىلىك ، كۆكتاتلىق باغلاردىنمۇ زاكات ئېلىنىدۇ. قىرغىزلار 40 قويغا بىر قوي زاكات بېرىدۇ. بىز قەشقەردىكى چېغىمىزدا زاكاتچىلارنىڭ بىر كۈندە 900 تىللا (كۈمۈش پۇل ھېسابىدا 4500 سوم) زاكات يىغقانلىقىنى كۆرگەنىدۇق. ئەمما ئاقساقال قوقان خانىغا يىلىغا 800 ياكى 1000 تىللانى سوۋغا -سالام سۈپىتىدە ئەۋەتىپ، ئىشنى بولدى قىلىدۇ. بىز قەشقەردىكى چاغدا ئاقساقال بولغان نۇرمۇھەممەت دادخا قوقان خانىغا 30 ئات، 18 يامبۇ، 18 جۇۋا، چاي، فار-فۇر قاچىلار ۋە يىپەك رەختلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

قەشقەردە قوقانلىقلار ۋە شالغۇتلارنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن خوجىلارنىڭ قوقانغا چىقىپ پاناھلىنىشى بەكمۇ ماس كەلگەچكە، قوقان ھۆكۈمرانلىرى بۇنداق ئوبدان پۇرسەتتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى يەنى 145مىڭغا يېقىن ئاھالە قوقانلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا قوقانلىقلار مانجۇ ھۆكۈمىتىدىن قىلچە تەپ تارتمايدۇ. قوقان ئاقساقىلى خەنزۇچە شاڭيو (سودا بېشى) دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاقساقال بۇيەردە بىر گوبىرناتور (باش ۋالى) نىڭ رولىنى ئويناۋاتىدۇ.

تەكەببۇر ۋە سۆلەتۋاز قەشقەر ھاكىمبەگلىرى دەسلەپكى چاغلاردا قوقان ئاقساقىلىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. ئاقساقال بىلەن ئالاقە قىلغاندا «سەنلەپ» سۆزلەيتتى. كېيىن بايخان ئىسىملىك بىر ئاقساقال كېلىۋىدى، ھاكىمبەگلەر ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق قىلالمىدى. بايخان قەشقەرگە كېلىپلا ئەنجانلىقلارنىڭ ھاكىمبەگلەرگە ئاتتىن چۈشۈپ تازىم قىلىشىنى چەكلەپ، قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئاشۇنداق يوسۇندا تازىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بىر كۈنى بايخان ئۆزىگە ئاتتىن چۈشۈپ تازىم قىلمىغان بىر كىچىك بەگنى تازا قامچىلاپ، پۇخادىن چىققاندىن كېيىن، يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېلىشىدە، مەيدە كېلىۋاتقان ھاكىمبەگكە ئۇچراپ قالدى. بايخان بىلەن ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئاتلىق بولغاچقا، بىر يىگىتنىڭ ئېتى ھاكىمبەگنىڭ مەپىسىگە ئازراق تېگىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھاكىمبەگ ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، قوقانلىق يىگىتلەرنى تۇتماقچى بولدى. جېدەل ئۇلغىيىپ چوڭ ۋەقەگە ئايلاندى. قوقانلىقلار ئۆي -ماكانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىرىغا قىلىچ، مىلتىقلارنى ئېلىشتى. ئامباللار بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، قوقانلىقلارنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ھېلىقى بەگنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

قەشقەرلىكلەر چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنى يەكلىمەي ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ. جاھاندا ئۆز ئىززىتىنى بىلمەي قالىدىغان شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، سەن ئۇلارغا يول قويۇپ، ئىززىتىنى قىلساڭ، ئۇ سېنى ئاجىز چاغلاپ، جاھاندىكى جېمى

ئەسكىلىكىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، بېشىڭغا چىقىۋالىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرگە يول قويۇش ئاقىلانىلىق ئەمەس. ئۇنداقلارنى دەل ۋاقتىدا ئەدەپلەپ دەككىسىنى بېرىش كېرەك. قوقانلىقلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

كىشىلەر بىزگە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: 1845 - يىلى نادەمخان ئىسىملىك بىر سودىگەر قەشقەردە ئاقساقال بولۇپ تۇرغاندا، تىللا ئىسىملىك بىر قىرغىز ئۆزىنىڭ بىر دۈشمىنىنى قوغلاپ، ئالتەشەھەر چېگرىسىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ قاپتۇ. بۇ قىرغىز قوقان پۇقراسى بولغاچقا، چېگرا قاراۋۇللىرى ئۇنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالماي ھۆكۈمەت ئارقىلىق نادەمخان ئاقساقالغا خەۋەر قىلىپ، تىللانى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. ھەمدە ئاقساقالنىڭ كۈچ چىقىرىپ قوراللىق قىرغىزلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى توسۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سوۋغا - سالام بېرىپتۇ. ئاقساقال شۇنىڭدىن باشلاپ سوۋغاتقا كۆنۈپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى قىرغىزلارنى چېگرىدىن كىرىشكە قۇترىتىدىغان بولۇۋاپتۇ.

خوجىلارغا يانتاياق بولىدىغان قوقانلىقلارنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقالنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن بىخىرامان يۈرۈشلىرىمۇ مانجۇ ھاكىمىيىتىگە ئېغىر تەھدىت ئىدى. مانجۇلار قوقانلىقلارنىڭ خوجىلار يېغىلىقىغا قاتناشقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بىز قەشقەردىكى چاغدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىككىلا ئاقساقال بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى بىز ياخشى بىلەتتۇق. ئىلگىرىكى ئاقساقال نەسىردىنىنىڭ يېنىدىكى زاكاتچى، ھۆدەيچى، خەزىنىچى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يېغىلىققا قاتناشقانلار ئىدى.

نەسىردىن ئاقساقال ھاكىمبەگ بىلەن پەقەت چىقىشالمايتتى ھەم دائىم ئامبال، دارىنلارنىڭ ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ بەگلەرنى قورقىتاتتى. مانجۇ چېرىكلىرى بازار كۈنلىرى كوچىلاردا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كىشىلەرگە ھەيۋە قىلاتتى. تېز يول بوشاتمىغانلارنى قامچىلاپ، يۈز - كۆزلىرىنى قان قىلىۋېتەتتى. بىز بىر بازار كۈنى كوچىدا چېرىكلەرنىڭ ئوتۇنچى دېھقانلارنىڭ ئېشەكلىرىنى يامۇلغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئوتۇنلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئېشەكلىرىنى ھەيدىۋەتكەنلىكىنى، بىچارە دېھقانلارنىڭ ھەپتە-ھەپتىلەپمۇ ئېشەكلىرىنى تاپالماي، نالە - پەريات ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. نەسىردىن ئاقساقال بۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى بىر ئامال قىلىپ توختىتىۋالالايتتى.

بىر كۈنى غەرق مەس بولۇپ، خۇدىنى يوقاتقان بىر شىبە ئەسكەر كارۋان سارىيىمىزغا ئاتلىق ئۇسۇپ كىرىپ، خېلى ئىناۋەتلىك بار بىر قوقانلىق بۇرادىرىمىزگە بىر قامچا سالدى. غەزەپلەنگەن باشقا قوقانلىقلار ھېلىقى ئەسكەرنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، راسا دۇمبالىغاندىن كېيىن، داڭزا (ساقچىخانا) غا ئاپىرىپ بەردى. ئاشۇنداق ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئەسكەرلەر كوچىلاردا ئەسكىلىك قىلالمايدىغان بولدى.

نەسىردىن ئاقساقال يەرلىكلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى بىلەن قەشقەردىكى بىرقانچە چوڭ پاھىشىخانىلار تاقىۋېتىلدى. پاھىشە ئاياللارنىڭ شەھەرگە كىرىشى چەكلەندى. ئاقساقال ئۆزى تەقۋادار مۇسۇلمان بولغاچقا، ھاكىمبەگدىن تەلەپ قىلىپ، قەشقەردە دىنىي ئىشلارنى نازارەت قىلىدىغان رەئىس قويغۇزدى. بىر بەگنى مەخسۇس دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. بۇ بەگ بېشىغا سەللە يۆگەپ، قولىدا تەسۋى سېرىگەن ھالدا جامائەت ئالدىغا چىققىنىدا پۈتكۈل خالايىق ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

بۇ بەگ ئۇزۇنغا قالماي مەنسۇپىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ھاكىمبەگ رەئىسنىڭ دىنىي كىشى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەنجانلىقلارنىلا جازالاتقۇزغۇسى كەلدى. لېكىن ئاقساقال بۇنىڭغا كۆنمىدى. ئۇ ھاكىمبەگ ئەنجانلىقلاردىن ئالالمايۋاتقان كونا ئۆچىنى ئاشۇ رەئىسنىڭ قولى ئارقىلىق ئالغۇسى كېلىۋاتىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ئەھۋال راست ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ

چىقتى، لېكىن رەئىس ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتمەي جىمجىتلا غايىپ بولدى. نەسىردىن ئاقساقالنىڭ ئورنىغا كەلگەن نۇرمۇھەممەت دادخا ئادەمگەرچىلىكى بار، شۇ ئەلدە ئۇزۇن تۇرۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ سىر -ئەسرارلىرىنى ياخشى بىلگەن كىشى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ قەشقەرلىكلەر ئۈچۈن بىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان كۆرۈنۈشتىكى سىپايىگەرچىلىك ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالدى. ئۇ ھاكىمبەگ ۋە باشقا يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئاپاق -چاپاق بولۇشۇپ، ئۆزئارا سوۋغا - سالام بېرىشىپ تۇردى. مانجۇلارنىڭ يېڭى يىل بايراملىرىدا ئامبالغا سوۋغات ئەۋەتىپ تۇردى (بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئاقساقاللارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى). نۇرمۇھەممەتكە پەقەت بىرلا ئىش قولايسىزلىق تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. كېيىنكى مەزگىلدە قوقانلىق ئاقساقالغا قارشى بۇخارالىق بىر تۈركۈم كۈچلۈك ئۆكتىچىلەر پەيدا بولدى. بۇخارالىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يەكەندە سودا قىلاتتى. بۇ خەقنىڭ كاتتىلىرى 1857- يىلىدىكى يېغىلىقتىن پايدىلىنىپ قوقانلىقلاردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ، كامىلنى ئۆز ئالدىغا ئاقساقال قىلىپ سايلاپ، كەشمىرلىكلەر ۋە بەدەخشانلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خوجىلارغا قارشى كۈرەشلىرىگە ياردەملىشىدۇ. ۋەلىخان تۆرە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بارلىق ئەنجانلىقلار تۇتقۇن قىلىنغاندا، بۇخارالىقلارنىڭ بىرسىمۇ دەخلى -تەرۇزغە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشمىلىق يېزىسىنىڭ بېگى سادىقبەگ شۇ كەمگىچە قوقان ئاقساقىلىغا باج تۆلەپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە تاغلىق تاجىكنى ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ. نەسىردىن ئاقساقال بىلەن نۇرمۇھەممەت دادخا ئالتەشەھەر زېمىنىدىكى بارلىق چەت ئەللىكلەرنىڭ قوقان ئاقساقىلىغا بويسۇنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، بۇخارالىق كامىلنى تۇتۇپ بېرىش ۋە تاجىكلارنى ئۆز ئىختىيارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مانجۇلار بۇ تەلەپكە ياق دېيەلمىگەن بولسىمۇ دەرھال تۇتۇش قىلماي ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇۋەرگەندە، يېڭى ئاقساقال بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەن قوقان ئەلچىسى مەتكېرىمباي يۇقىرىقى تەلەپنى قەتئىي ئورۇنلاپ بېرىش لازىملىقىنى، بولمىسا قوقان بىلەن مانجۇ خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. بۇ دەۋرنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغانلىقى نامەلۇم. شۇنداقتىمۇ بۇخارالىقلارنىڭ ئالتە شەھەردىكى نوپۇسىنىڭ ئازلىقىنى مانجۇ خانلىقى بىلەن بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئالاقىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرى بۇخارالىقلارغا پايدىسىز بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق ۋەقەلەر بۇرۇن قوقاندىمۇ يۈز بەرگەنىكەن. ئۇ چاغدا ۋەقەگە چېتىلىپ ئەيىپلەنگەن جاۋابكارنىڭ پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەنلەر سېلىنىپ، چېرىكلەر ئارقىلىق قەشقەردىكى خوتەن ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەنىكەن. بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ئەمەلىيەتتە مانجۇلارنىڭ سەۋرى - تاقىتى تۈگىگەن ئەھۋال ئاستىدا قوقانلىقلارغا ئاز - تولا چەك قويۇشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. جاھانگىر خوجا ئىسيانىدىن كېيىن مانجۇلار قوقانلىقلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى توختاتتى ھەمدە بۇخارا ئەمىرىدىن ياردەم سوراش ۋە ئۇلارنى قوقانلىقلارغا قارشى قويۇش مەقسىتىدە بۇخاراغا ئەلچى ئەۋەتتى. بۇخارا ئەمىرى مانجۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بەلكىم تەقۋادار مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغان بۇخارا ئەمىرى بۇددىست مانجۇلار بىلەن بىر يولدا مېڭىشنى توغرا تاپمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇش يەنە بۇخارانىڭ مانجۇ ئېلىگە يىراق بولغانلىقى ھەم مانجۇلار ئەلچىسىنىڭ بۇخاراغا دۈشمەن بولغان قوقان، قۇندۇز قاتارلىق ئەللەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىدەك سەۋەبلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. مانجۇلار قۇندۇز ئەمىرلىكى بىلەنمۇ دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ۋە ئەمىر مۇراتبېكنىڭ ئەلچىلىرىمۇ مانجۇلار يېرىگە بارغانىدى. ئەمما قۇندۇز ئەمىرى خوجىلارنى تىزگىنلىمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. 1830 - يىلىدىكى ۋەقەلەر مانجۇلارغا قوقانلىقلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئېنىق تونۇتۇپ قويغانىدى. شۇڭا مانجۇلار بۈگۈنكىدەك ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. قوقانلىقلاردىن ئەنسىرەپ كۆنۈپ كەتكەن مانجۇلار گەرچە قوقان خانلىقىنىڭ بىر قەدەر ئاجىز ۋە تۇراقسىز ۋەزىيىتىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى توسۇۋالالماي قالدى. قوقانلىقلار بۇ خىل بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ھەرقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋېلىشقانىدى. مانجۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىنى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدىغان ياۋايى خەلقلەر دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلار ھەققىدىكى بىلىملىرىمۇ ئىنتايىن ئاز. مانجۇلار كىچىك بۇخارا (قەشقەر) دىن تارتىپ تاكى مەككىگە سوزۇلغان مۇسۇلمانلار شەرقىنى قارا - قويۇقلا «خۇي خۇي» دېگەن نام بىلەنلا ئاتايدۇ ياكى ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنجانلىقلار دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پارسلار، كابۇللۇقلارمۇ ئەنجانلىقلار ھېسابلىنىدۇ. كېيىن مانجۇلار ئالتەشەھەرنىڭ تىنچ بولۇش - بولماسلىقى قوقانغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزلىرى ياۋايىلار دەپ ئاتىغان بۇ ئەللەرگە دىققەت قىلىشقا ۋە بۇ ئەللەردىكى ۋەقەلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھازىر مانجۇلار بۇخارانى خاۋ خەن، قوقاننى ئەندىجيەن دەپ ئاتىشىپ، بۇ ئىككى ئەلنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدى. قوقان بىلەن بۇخارانىڭ چىقىشالمايدىغانلىقىنى مانجۇلار ئوبدان بىلىدۇ ھەم قوقانلىقلارمۇ بۇ ئىشلارنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. مانجۇلار قوقاندىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قوللانغان بىردىنبىر چارىسى ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى ئالاقە تەرتىپىنى ئۆزگەرتمەسلىك بىلەنلا چەكلەندى. ئىلگىرى قوقانغا ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر مانجۇلاردىن تەيىنلىنەتتى. قوقاندىن كەلگەن ئەلچىلەرنى مەسلىھەتچى ئامبال ئۆزى قوبۇل قىلاتتى. قوقانغا مانجۇلاردىن تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى ئەلچى شىرئەلى خاننىڭ تەختكە چىقىشىغا ئۇلگۇرۇپ بارغانىدى. مانجۇ ئەلچىسى دۇشمەن قولىدا ئۆلگەن مەدەلىخاننىڭ نەزىرىسىگە ۋە يېڭى خاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ئاتاپ 200 سەر يامبۇ بىلەن شايى، ماتا، فار - فۇر قاچا دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ بارغانىدى. شۇ ئەلچىدىن كېيىنلا مانجۇلار قوقانغا يەرلىك بەگلەردىن ئەلچى ئەۋەتىشنى باشلىغان ۋە قوقان ئەلچىلىرىنى قەشقەر ئامبىلى قوبۇل قىلىدىغان بولغانىدى. مانجۇلارنىڭ قوقانغا يەرلىك دىندار بەگلەردىن ئەلچى ئەۋەتىشىنىڭ پايدىسى بار ئىدى. چۈنكى يەرلىك بەگلەر قوقانغا بارسا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايتتى. بولمىسا مانجۇ ئەلچىلەر قوقاندا ئېغىر كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ، ھەر خىل قائىدە - يوسۇنلارنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر قىلىناتتى، ھەتتا قوقان خانى مانجۇ ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولسا، ئىسمىنى ئاتىماي «كاپىر» دەپ ئاتايتتى. قوقان ئەلچىلىرى قەشقەردىكى ھاكىمبەگ قەسرىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ھاكىمبەگ قوقان ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭ نەۋكەرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا كېپىللىك قىلاتتى. قوقانلىقلار ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى ئانچە مۇھىم دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار سوۋغا - سالام ئېلىشنىلا بىلىدۇ، ئالغىنىمۇ ئاز نەرسىگە قانائەت قىلمايدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ئەركىن ھالەتتە يۈرسىمۇ، يەنە ئالتەشەھەر چېگرىسى ئىچىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن باش تارتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار 1831 - يىلدىكى كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىلارغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. بۇنى ئاز دەپ، مانجۇلاردىن كېلىشىمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ يولسىزلىق قىلىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشتا شۇقەدەر سەۋرچانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قوقانلىقلار بارلىق ئىسيانلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئىلگىرى قەشقەرنى خوجىلارغا ئېلىپ بەرگەنلەرمۇ قوقان خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ۋەكىلى بولغان ئاقساقاللار ئىدى. بۈگۈنكىدەك ئەھۋال ئاستىدا، ئالتەشەھەردە تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشىدىن گەپ ئاچماق تەس. قوقان ھۆكۈمىتى بۇ ئىشلارغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئىككى ئەلنىڭ باردى - كەلدى مۇناسىۋىتىگە ۋە قوقانلىقلارنىڭ ئىلگىرىكى

ئىمتىيازلىرىغا چوڭ جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ بولالمايدۇ. ناۋادا يۇرت تىنچىپ، مانجۇلار سوۋغا - سالاملىرىنى ئازايتسا ياكى توختاتسا قوقانلىقلار خوجىلارنىڭ 1847 - يىلدىكىگە ئوخشاش غازات ئۇرۇشى قوزغىشىنى چەكلىمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى رىغبەتلەندۇرىدۇ. ئەگەر خوجىلارنىڭ كۈچى كۈچىيىپ كېتىپ، ئىسيان ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، قوقانلىقلارنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىسا، قوقانلىقلار ئىشنى بۇزۇپ، كەشىنى توغرىلاپ (قېچىشنى پىلانلاپ)، خوجىلار ھەرىكىتىنى نەس باستۇرىدۇ. مانجۇلار ئىسيان دەپ ئاتالغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قانلىق باستۇرۇپ، قوقانلىقلارغا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. دېمەك، جاھان تىنچ چاغلاردا قوقانلىقلار مانجۇلارنىڭ سوۋغا - سالاملىرى ۋە باجدىن مەنپەئەت ئالسا، مالىمانچىلىق مەزگىلىدە خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، خوجىلاردىن سوۋغا - سالام ئېلىپ، دۇنيا يىغىۋالىدۇ. دېمەك، داۋاملىق تۇردە مانجۇلار بىلەن يەرلىك بەگلەرگە قارشى تۇرۇپ ئۇلارغا تەھدىت سېلىش، ئۆز ئېلىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىش — خوجىلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ ئاساسىي كۈرەش مەنتىقىسى بوپقالغانىدى. مانجۇلار بۇ مەنتىقىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، قوقانلىقلارنى چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرىدۇ. بىر قېتىم پېكىنشەھەر (مەنچىڭ) گە چاي سېتىۋېلىش ئۈچۈن كىرگىنىمىزدە، ئۇيەردىكى مانجۇ (خەنزۇ) ئاھالىسى بىزنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. بىز ئاران دېگەندە دۇكانغا كىرىپ قۇتۇلۇپ قالدۇق. بىزنىڭ پېكىنشەھەرگە كىرىشىمىزنى خوجىلار ئىسياندىن كېيىن قوقانلىقلارنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ شەھەرگە قەدەم بېسىشى دېيىشكە بولاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى بىزنى كۆرۈپ قاتتىق ئالاقزادە بولۇشۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن بىزگە قاراپ، «ئوغرىلار» دېيىشىپ قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى. قوقانلىقلار بىلەن يەرلىك بەگلەر پات - پات تۇتۇشۇپ قالاتتى. بىر كۈنى بىز چۈشكەن سارايدا بىر داڭدار بەگ بىلەن بىر قوقانلىق ئۇرۇشۇپ قالدى. قەشقەرلىك بەگ قوقانلىققا قارىتىپ قامچىسىنى شىلتىپ بېرىۋىدى، بىر ئافغان يىگىتى بەگكە بىر مۇشت سالدى. شۇنىڭ بىلەن بەگنىڭ چاكارلىرى يوپۇرلۇپ كېلىپ ماجىرانى كېڭەيتتى. بىردەمدىلا ئەتراپنى ئادەملەر قاپلاپ كەتتى. بىز بىر ئاماللارنى قىلىپ سىرتتىن كىرگەنلەرنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ ئىشنىڭ تاقىۋالدۇق. بۇ ئىشتا ئافغانلارنىڭ باتۇرلۇقى ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كىشىلەر سارايىنى قورشىۋېلىپ ھويلىغا تاش ئېتىپ، ئۇزاققىچە بىزنى ئاۋارە قىلدى. كېيىن ئاقساقالنىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت سۈرۈشتە قىلىپ، ھېلىقى بەگ ئەيىپلەندى ۋە دەررە بىلەن ئۇرۇش جازاسىغا بۇيرۇلدى. يەنە بىر قېتىم، پېكىنساردىكى سودا ئاقساقالى شۇ يەردىكى ئىشىك ئاغا بەگنى قاتتىق ئۇرغانىكەن، ئىشىك ئاغا بەگ ھاكىمبەگنىڭ قەسرىگە قېچىپ كېلىپ مۆكۈنۇۋالغاندا، قوقانلىقلار ئۇنى قوغلاپ كېلىپ ھاكىمبەگنىڭ قەسرىنى قورشىۋېلىپ خېلى ئاۋارە قىپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئىشىك ئاغا بەگ ئەيىپلىنىپتۇ. ئامبالنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان تىلماچنىڭ بىر نەچچە بالىسى مەس بوپقېلىپ، ئىككى قوقانلىق ھارۋىكەشنى بىزگە سالام قىلمىدىڭ، دەپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە بارلىق مۇھاجىرلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاقساقال ئامبالنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بارماقچى بولغاندا، ھېلىقى تىلماچ ئابرويلۇق بىر قوقانلىق باينى ئارىغا سېلىپ، 6 سەر يامبۇ تۆلەپ، بۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە جامائەت ئالدىدا ئاقساقالدىن ئەپۇ سوراپتۇ. يۇقىرىقى ۋەقەلەرگە قاراپمۇ يەرلىك بەگلەرنىڭ قوقانلىقلارنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ قوقانلىقلارغا بولغان قارىشى بەگلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. خەلق قوقانلىقلارنى ئۆزلىرى ئۆچ كۆرىدىغان مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشتىكى ياخشى كۈچ دەپ قارايدۇ ۋە قوقانلىقلارنى ئۆزلىرىگە يولباشچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى بىرەر ئىسيان بولۇپ قالسا، قوقانلىقلار داۋاملىق باشلامچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك خەلق بىلەن مۇھاجىرلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان نىكاھ ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇغقانچىلىق

مۇناسىۋىتىمۇ مەۋجۇت. يەرلىك بەگلەر مەنسەپكە ئولتۇرۇپ مال دۇنياغا يېتىشكەن ھامان ھاكاۋۇرلىشىپ، خەلقنى ئۆزلىرىگە يېقىن يولاتمايدۇ. ئەكسىچە، خېلى ئابرويى بار قوقانلىقلارمۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلام كىشىلەر بىلەن ھېچقانداق ياتسىرىماي، بىمالال ئارىلىشىپ ئۆتۈۋېرىدۇ. ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنىڭ خوجىلار ئىسيانلىرىغا قاتنىشىپ تۇرۇشىمۇ قوقان بىلەن مانجۇلارنىڭ ئالاقىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قىرغىزلار ئالتەشەھەردىكى ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان چېگرا بويلىرىدىكى يۇرتلارغا تارقىلىپ ماكانلاشقان بىر خەلق بولغاچقا، ئۇلار X VI ئەسىردىن بۇيان ئالتەشەھەرنىڭ تەقدىرىنى تولا ئۆزگەرتىپ، ئايىقى ئۈزۈلمەس ئېغىر كۆلپەتلەرنى پەيدا قىلىۋاتقان ماجىرالارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئالاتاۋ قىرغىزلىرى بىر قانچە دۆلەتنىڭ زېمىنىدە ياشىسىمۇ يەنىلا قوقان خانلىقىغا بېقىنىدۇ. ئەمما 1852 - يىلدىن بۇيان بىزگە (روسىيىگە) تەۋەلىك بىلدۈرۈپ قويۇپ، ھازىرغىچە قوقانلىقلارغا ئۆشرە - زاكات، مانجۇلارغا سېلىق تۆلەپ كېلىۋاتقان بۇغا قەبىلىسىدىكى قىرغىزلار بىلەن تاشمىلىقتىكى مانجۇلارغا تەۋە 500 ئائىلىلىك قىرغىزنىڭ ئەھۋالى بولسا باشقىچىرەك. قىرغىزلارنى قوقان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قوقان ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىرغىزلار ۋە قوقان ھامىلىقىدىكى قىرغىزلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى ئۆزبېكلەر بىلەن تەڭ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، بەزى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، ھەربىي ۋە مۈلكىي ھوقۇقلارغا ئېرىشەلەيدۇ. كېيىنكىسى بولسا پەقەت قوقانغا زاكات تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئەسكەرلىككە ئادەم چىقىرىپ بېرىدۇ.

قوقان خانلىقى ھەربىي ئىشلار ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىن بىرقانچە ئەمىرلىك (ئۆلكە) لەر ۋە ھەربىي ئايماقلارغا بۆلۈنگەن. ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايلىرىغا ئاساسەن مەرغىلان، ئوش، ئەنجان، نەمەنگان ۋە تاشكەنت ئەمىرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. پەرغانە ۋادىسىدىكى قىرغىزلارمۇ ئۆزلىرىگە يېقىن جايدىكى بەزى ئايماقلارغا سېلىق تۆلەپ، شۇ ئايماقتىكى ئەسكەرلەر سانىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار تامامەن قوقان خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. ئۇلار ئەدگىنە، ئىچكىلىك، مۇندۇ، مۇنۇلۇر قەبىلىلىرى ۋە نايمان قەبىلىسىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزلىرىنى قوقاننىڭ ھامىلىقىدا دەپ قارايدىغان قىرغىزلار ئەنجان ۋە تاشكەنت ئەمىرلىرىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن بولۇپ، پامىر ۋە كوئىنلۇن تاغلىرىدىكى چارۋىچى قىرغىزلار ئاشۇ خىلدىكى قىرغىزلارغا كىرىدۇ. قوقان ھۆكۈمىتى قىرغىزلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئالاھىدە بەگلەرنى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن.

ياقا يۇرت دەپ ئاتالغان تاغلىقلار بىلەن نارىن دەرياسى ۋادىسىدىكى كۆچمەن قىرغىزلار قۇرتقا، توققۇزتارا، جۇمتال قەلئەلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەنجان ئەمىرىگە قارايدۇ. قوقان خانلىقى يۇقىرىقى قىرغىز قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن چولاققورغان، ئەۋلىيا ئاتا، سۇلىققورغان، مەركە، بىشكەك ۋە توقماق قەلئەلىرىنى سالدۇرغان. يەنە پامىر تاغلىرىدىكى بولۇر قىرغىزلىرىنى باشقۇرىدىغان بوستانتېرەك ۋە تاشقورغان قەلئەلىرى بار. خوتەن تەرەپكە سوزۇلغان قىرغىزلار ئارىسىغا بەزىدە مەرغىلاندىن بەزىدە ئوشتىن ئەسكەر بېرىپ زاكات يىغىپ كېلىدۇ. چوڭباغىش قەبىلىسى زاكاتنى قەشقەردىكى قوقان ئاقساقالىغا تاپشۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن قىرغىزلار ئارىسىدا قوقان ئەمىرلىرىنىڭ پەرمانلىرى ئانچە ئۆتمەيدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا قىرغىزلار قوقانغا ئانچە بېقىنمايدىغان بوپقالدى.

مەلىبەگ قىرغىز ۋە قىپچاقلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىقتى. قوقاننىڭ ھازىرقى ۋەزىرى ئالىمبەگ داتخامۇ ئالاتاۋ قىرغىزلىرىدىن چىققان كىشى. يەنە نۇرغۇنلىغان قىرغىز بەگ ۋە سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ مۇسۇلماندارچىلىق قائىدىلىرى ئانچە چىڭ ئەمەس. ئۇلارنىڭ دىنىي بىلىمى كەم، ئۇنىڭ

uyghurkitap.com

ئۇستىگە شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ خوجىلار ئىسيانلىرىغا قاتنىششىمۇ ئولجا بۆلۈشۈشنى مەقسەت قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خەلق دىنىي بىلىمى ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە يەنە يەرلىك ئادەت - ئۇدۇملارغا زىيادە ئىشىنىدۇ. بىز تەڭرى تاغلىرىدا قىرغىزلارنىڭ قالماق قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ چىققان كىچىك بىر قەبىلىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. بۇ بىر باي قەبىلە بولۇپ، بۇ قەبىلىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ باي بولۇشىنى بۇرۇنقى زامانلاردا مەمەكە ۋە شوپاق دېگەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇرھانىدىن، خان خوجىلارغا خىزمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلىقىدىن بولغان دەپ قارايدىكەن. بۇ قىرغىزلار ئاشۇ خوجىلاردىن تەۋەرۈك قالغان بىر زەنجىرلىك چىدەرنى ئۇلۇغلاپ ساقلايدىكەن. ئۇلار بىزنىڭ ئاغرىپ قالغان ئاتنى مۇشۇ چىدەر بىلەن چېتىپ قويسا ساقىيىپ كېتىدۇ دەپ ئىشەندۈرمەكچى بولۇشتى.

قىرغىزلار بۇرۇندىن باشلاپ خوجىلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىسيانلىرىغا پائال قاتنىشىۋاتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قاتنىشىدىغاندەك تۇرىدۇ. جاھانگىر خوجا زامانىدا ساياق، شىرىك، باسىز ۋە بۇغا قەبىلىسىدىكى قىرغىزلار خوجىلارغا ئەگىشىپ پىدائىي بولۇشقان بولسا، چوڭباغىش قەبىلىسىدىكىلەر مانجۇلار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلىپ تۇرغان. چوڭباغىشنىڭ ئىسمائىل ئىسىملىك بىر قەبىلە باشلىقى جاھانگىر خوجا بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «قارا تاغلىق» ئاتىلىپ قالغان. خوجىلارغا ئەگەشكەن قىرغىزلار ئاساسلىقى تەڭرىتاغلىرىدىكى قىرغىزلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇغا، سارباغىش ۋە سولتى قەبىلىلىرى خوجىلار ئىسيانىغا بىۋاستە قاتناشمىغان. 1846 - يىلى تەۋەككۇل خوجا غازات ئۈچۈن ئۆشرە، زاكات يىغماق بولۇپ يۇقىرىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرى ئارىسىغا كەلگەندە، قىرغىزلار ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۆشرە - زاكات يىغىپ بېرىپ ئۇزىتىپ قويغان. مانجۇلارنىڭ خوجىلاردىن ئەنسىرەيدىغىنىنى قىرغىزلار ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلار بۇنى ئولجىغا ئىگە بولۇشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغان. كۆكشال دەرياسى بويىدىكى شىرىك قەبىلىسىنىڭ تۇردەكە ئىسىملىك بىر قەبىلە باشلىقى تۇرپان (ئۇچتۇرپان بولۇشى مۇمكىن — ت) ئامبىلىنى قورقىتىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن، بىر سارت (ئۇيغۇر) نى تۇتۇپ ئەكىلىپ، بېشىغا سەللە يۆگەتكۈزۈپ خوجا قىياپىتىدە كۆرسىتىپ، شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرگۈزۈپ پاراكەندىچىلىك سالغان. ئۇ قىرغىز كېيىن مانجۇلاردىن قىزىل قۇببە مونچاقلىق مەنسەپ قالپىقى بىلەن نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئالغاندىن كېيىن بولدى قىلغان. قىرغىزلار خوجىلارغا چوڭ بىر پايدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ خوجىلارغا ئەگىشىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. خوجىلار يېڭىلىپ كېلىشى ھامان قىرغىزلار قوقانغا بېقىنىشتىن قۇتۇلۇپ، خوجىلارنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماس بولۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «غازات» قىلىمىز دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە بۇزرۇك خان (جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى) نىڭ تەختكە چىقىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشىدۇ. مانجۇلار قىرغىزلارنى قوقانلىقلار كۈشكۈرتكەن دەپ قارايدۇ. ھەم شۇنداق ئويلىغانسېرى قوقان خانلىقى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ھازىر مانجۇلار قىرغىزلارغا سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تارتىشنىڭ كويىدا بولماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن قىرغىز قەبىلىلىرى ئارىسىغا ئۆز جاسۇسلىرىنى ئەۋەتمەكتە. مانجۇلار تىبەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىر دائىرىسىگە ئىنگلىزلارنى كىرگۈزمەسلىكنىڭ چارىلىرىنى قىلىپ ھۇشيارلىقىنى ئاشۇرماقتا.

يەكەن ئامبىلى گىلدىتلارنىڭ ئەلچىلىرىنى كەمدىنكەم قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلار ئەكەلگەن كۈمۈش، چاي قاتارلىق سوۋغا - سالاملارنى قايتۇرۇۋېتىدىغان بوپقالدى.

مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆز زېمىنىغا چەت ئەللىكلەرنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدىكى پەرمانلىرى ئالتە شەھەردە پەقەت ئىنگلىزلار بىلەن

رۇسلارغا قارىتىلغان. چۈنكى ئىلگىرى بىر قىسىم ئەرمەنلەر قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار سالغان چىركاۋ ھازىرمۇ ئۇ يەردە بار. جەمئىيەتتە ھىندىستان ھۆكۈمىتى (ئىنگلىزلار) كىچىك بۇخاراغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ خوجىلارنى كەشمىرگە چاقىرتىپتۇمىش ۋە خوجىلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئالاقە ئەۋەتىپتىمىش دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرگەچكە، مانجۇلار ئىنگلىزلاردىن تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىغانىدى. بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقىغا ھازىرچە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. كىشىلەر 1855 - يىلىمۇ ياكى 1856 - يىلىمۇ ئىشقىلىپ ئىككى يىلنىڭ بىرىدە بىر قېتىم ئىنگلىزلار يەكەنگە كەلگەن ھامان قايتۇرۇۋېتىلگەن دېيىشىدۇ. بىز قەشقەردىكى چېغىمىزدا ئىلگىرى خوتەندە قازاغا ئۇچرىغان بىر ياۋروپالىقنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن چەت ئەلدىن مەخسۇس پايلاقچى كەپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. ھېلىقى ياۋروپالىقنىڭ قازاغا ئۇچرىغان ۋاقتى ۋە باشقا ئالامەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇنى دەل گېرمانىيىلىك ئالىم ئادولوف شلاگىنتۋېيتنىڭ ئۆزى دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۇ كىشىنى ئىسيانچىلار ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇ ئىشلاردىن بىز خەۋەرسىز دەپ ئۆزىگە ئالمىدى. ئالتەشەھەردىكى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە رۇسلارنىڭ قانچىلىك خەۋپلىك تۇيۇلىدىغانلىقىنى بىزنىڭ كارۋان قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، بىزگە قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپمۇ بىلىۋالغىلى بولاتتى.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىتلارغا قاراپ ھازىرقى ئالتەشەھەرنىڭ ناھايىتى مۇشكۈل ۋەزىيەتتە قالغانلىقىنى، بۇ ۋەزىيەتنىڭ مانجۇلارغا قانداق پايدىسىز بولسا خوجىلارغىمۇ شۇنداق پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مانجۇ ھۆكۈمىتى قوللىنىۋاتقان تەدبىرلەرنىڭ ھېچ بىر ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرى بۇ يۇرتقا تىنچلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۇ سىياسەتلەر ھەربىر ئىسياندىن كېيىن خەلقنى رەھىمسىزلەرچە جازالاش، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى ئۆستۈرۈش، ئاندىن يەنە بىر قېتىملىق ئىسياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن خۇلاسىلىنىۋاتىدۇ خالاس. خوجىلار غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى تۈگىتىپ، ئاداۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشى لازىم ئىدى. ئەمما بۇنداق قىلىش ئىنتايىن بىر مۇشكۈل ئىش. قوقانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ھەمىشە خوجىلارغا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا بۇ يۇرتلاردا پات ئارىدا ئىسيانلارنىڭ تۈگەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. كىچىك بۇخارانىڭ بۇ ئىستىقبالسىز ھەم مۇشكۈل ئەھۋالىنى يەنە يېقىنقى مەزگىللەردە يۈز بېرىپ ئۆتكەن بىر قاتار ۋەقەلەرمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

1857 - يىلى يەرلىك بەگلەر خوجىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان ھەممە ئاماللارنى قىلىپ كۆردى. مانجۇ خانلىقى: يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز تەۋەسىدىكى شەھەرلەرنى تاشقى دۈشمەندىن ئۆزلىرى قوغدىشى كېرەك، دۈشمەندىن قورقۇپ شەھەرنى تاشلاپ قاچقان بەگلەر بىردەك ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىكەن. قارىغاندا بۇ پەرمان ئارقىلىق بىر قىسىم لايغەزەل، ھاڭۋاقتى بەگلەر قاتتىق ئەدەپلىنىدىغاندەك قىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئالتەشەھەردىكى بەگ - ئامباللار پەقەت پارىخورلىق قىلىپ خەلقنى شىلىپ يېيىشنىلا بىلىدۇ. خوجىلار باستۇرۇپ كەلگۈدەك بولسا ھېچقانداق قارشى تەدبىر تۈزمەي، مانجۇ قەلئەلىرىگە مۆكۈنۇۋالىدۇ. ھاكىمبەگلەر تىزلىنىپ گۇناھلىرىنى تىلىشىدۇ ياكى ئىلى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ جان ساقلاشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ.

بۇ يېڭى پەرماننىڭ چىقىرىلىشى بەگلەرنى ھەقىقەتەن مۇشكۈل ئەھۋالدا قويغانىدى. ئەگەر شەھەرنى خوجىلار ئىگىلىسە، ئۇ بەگلەر يا خوجىلارنىڭ جازاسىدىن، يا مانجۇلارنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئىشقىلىپ ئۇلار ئۆلۈم تەھدىتىدىن قۇتۇلالمايتتى. شۇڭا ئۇلار ھەر ئىككىلا خەۋپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنداق ئامال - چارىلەرنى ئىشلەتتى.

1. خوجىلارنىڭ توپلىغان بايلىقلىرى ۋە ئەسكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن قوقان خانلىقىغا خوشسەن ئۇش (سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەختى قويۇلغان شەھەر دەپ قارىلىدۇ) قەلئەسى ۋە تېرەكتى، ئۆزكەنت، نارىن دەريالىرى بويلىرىدىكى قىرغىزلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ئورۇنلاشتۇراتتى.

2. شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن 1000 كىشىلىك جاساق تەشكىللەيتتى. بۇلارنىڭ 500 ى ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش، بەشكېرەم، ئاغۇ يېزىلىرىنىڭ دېھقانلىرىدىن تەشكىللىنەتتى ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىكى چېگرىنى قوغدايتتى، يەنە قالغان قىسمى غەربىي شىمال چېگرىدىكى تاغلاردا قاراۋۇللۇق قىلاتتى. جاساقتا تىزىملانغانلار پالتا، نەيزە، مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلاتتى. پالتا تۇتقانلار نەيزە بىلەن مىلتىق تۇتمايتتى، مىلتىق تۇتقانلار پالتا بىلەن نەيزە تۇتمايتتى. ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا ئۇلار ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئۆز كىيىملىرى بىلەن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي نام - ئەمىلى ۋە دەرىجىسىنى مۇرىسىگە تىكىپ قويۇلغان خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن قىزىل لاتا (پاگون) غا قاراپ پەرقلەندۇرۈشكە بولاتتى.

3. خوجىلار باستۇرۇپ كەلسە خەلقنى تېز قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈرچىلەرگە مەخسۇس بۇيرۇتۇپ سوقتۇرۇلغان پالتا، نەيزە دېگەندەك قوراللار شەھەر دەرۋازىلىرى بىلەن ساقچى ئورۇنلىرىغا يىغىپ ساقلىناتتى، تۆمۈرچىلەر بۇ قوراللارنىڭ بىر قىسمىنى ئالۋاڭ سۈپىتىدە ھەقسىز سوقۇپ بېرەتتى. تۆمۈرنى ھۆكۈمەت چىقىراتتى.

4. شەھەر سېپىلىنى داۋاملىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان قاراۋۇللار قويۇلۇپ بەگلەر، ئامباللار ھەتتا دىنىي ئۆلىمالارمۇ نۆۋەت بىلەن سېپىلغا چىقىپ نۆۋەتچىلىكتە تۇراتتى. ئەگەر دۈشمەننىڭ شەپىسى ئاڭلانغۇدەك بولسا، قاراۋۇللار تېز كۆچەيتىلىپ، چوڭ - كىچىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى سېپىلدىن چۈشەيتتى. كىشىلەر شەھەر سېپىلىنىڭ 6 چوڭ مۇنارىدا خوجىلاردىن قالغان 4 دانە توپ (زەمبىرەك) بار دېيىشىدىكەن. ئەمما مەن پەقەت بىرلا زەمبىرەكنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم.

قەشقەر ھۆكۈمىتى قوقان تەرەپتىكى ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بوپكەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇش شەھىرىدە تۇتۇپ قېلىنىپ تېخىچە قايتۇرۇلمىغان كارۋانلاردىن خەۋەر كەلمىگەنسېرى قەشقەر تەرەپ تېخىمۇ سەگەكلەشتى. قەشقەردىن قوقانغا ئەۋەتىلگەن جاسۇسلار ئۈزۈلدۈرمەي خەۋەر ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى قەشقەر تەرەپكە پايدىسىز بولسا كېرەك. شەھەر دەرۋازىسىدىكى ئەمەلدارلار تېخىمۇ كۆپەيتىلىپ، بىر بەگنىڭ مەسئۇللىقىدا قوقان تەرەپتىن كەلگەنلەر قاتتىق تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. شەھەر ئىچىدىمۇ ئامانلىق كۈچەيتىلىپ، كېچىلەردە پانۇس كۆتۈرگەن ئاتلىق چارلىغۇچىلار چارلاشنى كۈچەيتتى. قەشقەردە 1857 - يىلىدىن باشلاپ كەچ سائەت 9:00 لاردىن كېيىن يول يۈرۈش مەنئى قىلىنغانىدى. جېسەكچىلەر شەھەر كوچىلىرىدا ئامانلىق ساقلايتتى. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، قەشقەرنىڭ بۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىشىگە قوقان تەرەپتىن ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەرنىڭ كېلىشى سەۋەب بولغانىكەن.

ئەلنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان تەدبىرلەر ئىچىدە مارت ئېيىنىڭ 5 - كۈنى چىقىرىلغان بىر پەرمان قەشقەرلىكلەرنىڭ يادىدىن ھەرگىز چىقماسلىقى مۇمكىن. ھىجرىيە شەئبان ئېيىنىڭ 15 - كۈنى كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بارائەت ئايىمى قەشقەردە ئالاھىدە داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ چاغدا يىراق - يېقىندىن كەلگەن تاۋاپچىلار ھازىرقى خوجىلارنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋىسى دەپ ئاتالغان ئاپپاق خوجىنىڭ مازىرىغا توپلىناتتى. گويا پۈتكۈل قەشقەر خەلقى تەۋرەپ كەتكەندەك مىغ - مىغ ئادەملەر مازار يېنىدىكى چوڭ باغقا يىغىلىدۇ. ئاشپەز، باققال، ناۋاي دېگەندەكلەر ئۆز ھۈنەرلىرى بىلەن بۇ جاينى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

كەچ كىرىشى بىلەنلا چىراقلار يېقىلىپ ئەتراپنى يورۇتۇپ دۇئا - تىلاۋەت باشلىنىدۇ. دۇئا - تىلاۋەت

ئاخىرلىشىپ يەنە بىر ھەپتىگىچە باغ سەيلىسى بولىدۇ.

5 ـ مارت كۈنى ھاكىمبەگ مانجۇلارنىڭ ئەمرى بويىچە ئېلان چىقىرىپ، شەئباننىڭ 15 ـ كۈنى ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاپپاق خوجا مازىرىغا بارماسلىقىنى، ئەگەر كىمدە كىم پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا دەررە بىلەن ئۇرۇش جازاسىغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھەتتا كىشىلەرنىڭ كوچىلاردا توپلىشىپ مېڭىشىمۇ چەكلەندى.

شۇ چاغدا مانجۇلارنىڭ خەلقنى بېسىش ئۈچۈن چىقارغان بۇ پەرمانىغا ئاۋام خەلق بىردەك نارازى بولغانىدى. ھەم كىشىلەر بۇنداق ئۇلۇغ جايغا ھاقارەت كەلتۈرگەن ئاسىي بەندىلەرنى ئاپپاق خوجىنىڭ روھى ئۇرىدۇ، دېيىشكەنىدى.

1857 ـ يىلدىكى ئىسياندىن كېيىن مانجۇ ھۆكۈمىتى ئالتەشەھەردىكى ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى، يەنى ئىسيان ئەھۋالىنى ۋاقتىدا، تېز ھەل قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قەشقەر ئامبىلىغا ئىلى جياڭجۈنى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ھوقۇقى بېرىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەشقەر ئامبىلى يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى ئارقىلىقلا ئىلى جياڭجۈنىگە ئەھۋال مەلۇم قىلالايتتى، ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوقاندىن قېچىپ چىققانلىقى راست بولۇپ، بىز بۇنى كېيىن بىلدۇق.

ئوكتەبىر ئېيىدا خۇدايارخاننىڭ ئاكىسى مەللەبەگ مەرغىلانغا بېرىپ ئىنىسىغا قارشى لەشكەر تارتتى. بۇ چاغدا قوقاندىكى قەشقەرلىكلەر ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ غازاتقا تەييارلاندى. تىللاخان ئىسىملىك بىر بەگ ئۆزى بىلەن بىرگە قەشقەردىن چىققانلارنى توپلاپ تۇنجى بولۇپ مەللەبەگنىڭ بايرىقى ئاستىغا ھازىر بولدى. قوقاندىكى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە قارىتا يەنە بىر قېتىملىق غازات ئۇرۇشى قوزغاش ئۈچۈن قېچىپ چىققان كىچىك خان تۆرىمۇ قوقان شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان مەللەبەگنىڭ بارگاھىغا يېتىپ باردى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋەلىخان تۆرىمۇ مەللەبەگنىڭ يېنىغا بېرىپ قوشۇلدى. مەللەبەگ ئۇنىڭغا بۇنچۇق (مونچاق؟) تەقدىم قىلىپ، ئەگەر قوقاننى ئىشغال قىلالىسا ئۇنىڭغا خوجا كالانلىق نامىنى بېرىپ پۈتكۈل قەشقەرلىكلەرگە باش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەم كېلەر يىلى ئەتىيازدا ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەرنى ئېلىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قەشقەرگە بىللە بارىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ. مەللەبەگ خانلىق تەختكە چىقىپ، نۇرمۇھەممەت داتخا قەشقەرگە ئاقساقال بولۇپ كەلگەن ھامان، ۋەلىخان تۆرىمۇ قوقاندىن قېچىپ چىققانىكەن، ئۇ تۇتۇلۇپ قېلىپ قايتا قوقانغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەللەبەگ خان ۋەلىخان تۆرىنىڭ «بۇنچۇق» لۇق نام ئەمىلىنى تارتىۋېلىپ، كاتتاخان تۆرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە بارلىق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ئىشىنى كاتتا خان تۆرىگە تاپشۇرۇپتۇ. مەللەبەگ يەنە ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىنى كۈندە 3 قېتىم كېلىپ كاتتاخانغا سالام بېرىپ تۇرۇش، كەلمىگەنلەرنى ئۆزىگە مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە بۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەۋلادلىرىدىن قوقاندىن ئىجازەتسىز ئايرىلىدىغانلار كۆرۈلسە ئۇلارنى چىگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقى ياكى زىندانغا تاشلايدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوقاندىن قاچقانلىقى راست، ئەمما قەشقەرگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت يوق. مەللەبەگ خاننىڭ خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى توسقانلىقى ۋە كاتتاخان تۆرىنى ئاپپاق خوجا ئەۋلاتلىرىغا داھىي قىلىپ بېكىتىپ قويغانلىقى راست. ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە بارغۇدەك دېگەن خەۋەرنى قەشقەردىكى ئاقساقال قوقان بىلەن مانجۇلارنىڭ سۆھبىتىدە مانجۇلارنى يول قويۇشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن تارقاتقان خەۋەر بولۇشى مۇمكىن.

قەشقەر بەگلىرى قوقانلىقلارغا ئىشەنمەيتتى. ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوقاندىن قېچىپ چىققانلىق خەۋىرى خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. بەزىلەر ۋەلىخان تۆرە ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئارىسىغا قېچىپ بېرىپتۇ، دېيىشەتتى. شەھەر چاسولىرىدا، ئاشخانىلاردا ئاياللار بىلەن باللارنىڭ ئاغزىدىن خوجام پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى.

قەشقەر خەلقى ۋەلىخان تۆرىدىن بەكمۇ قورقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئەندىشىگە چۈشتى. كىشىلەر «تۆرەم كەلسە ھەممىمىزنى بوغۇزلاپ تاشلاشتىن يانمايدۇ»، «ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز» دەپ ئۇھ تارتىشاتتى، شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن چېرىكلىككە تۇتۇلغان دېھقانلار قوللىرىدىكى قوراللارنى كۆرسىتىپ «بۇنى بىزگە نېمىشقا تارقىتىپ بېرىدىغاندۇ!»، راستىنلا خوجىلارغا قارشى تىغ كۆتۈرەرمىزمۇ؟ بىز دېگەن مۇسۇلمان. شۇڭا ھەرگىز گۇناھقا پاتقۇمىز يوق» دەپ غۇدۇرۇشاتتى. يېقىنقى كەيپىياتتىنلا يەنە خوجىلار كەلگۈدەك بولسا ئاشۇ 1857 - يىلدىكىگە ئوخشاشلا جىق كۆچ چىقارمايلا شەھەرنى تارتىۋېلىشنىڭ چوقۇملىقىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولاتتى.

خاتىرىلىرىمىزنىڭ ئاخىرىدا بىز كەلگۈسىدىكى ئىسيانلارغا باش بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىر قىسىم خوجىلار توغرىسىدا ئاز - تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

ئەينى چاغلاردا مانجۇلارنىڭ جازا يۈرۈشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن سامساق خوجىنىڭ يۈسۈپ خوجا، باھاۋۇدۇن خوجا ۋە جاھانگىر خوجا دېگەندەك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى يۈسۈپ خوجا 1830 - يىلى بۇخارادىن قايتىپ كېلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ئوتتۇرانچىسى 1825 - يىلدىكى ئىسياندا ئۆلگەنىدى. ئەڭ كىچىكى بولغان جاھانگىر خوجا ئالتەشەھەرگە ھۆكۈمران بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ ئاخىرى مانجۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

يۈسۈپ خوجىدىن كاتتاخان تۆرە نامى بىلەن ئاتالغان ئىشانخان تۆرە، ۋەلىخان تۆرە ۋە كىچىكخان تۆرە دېگەن ئوغۇللار قالغانىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى بولغان ئىشانخان تۆرە 1847 - يىلدىكى ئىسياننى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇ بىر ئاجىز، نەزەر دائىرىسى تار، گالۋاڭراق كىشى ئىدى. ئۇ يۇرت سورىغان چاغدا ھەرەمخانىغا ئايالLARنى يىغىۋېلىپ ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. ۋەلىخان تۆرە تىرىشچان، ئەقىللىق بولغىنى بىلەن، ئەپيۈن چېكىشكە كۆنۈپ قالغان، تەبىئىتى رەھىمسىز بىر كىشى ئىدى. كىچىكخان تۆرىنى قانداقتۇر بىرەر خىسلەتكە ئىگە ئادەم دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىر قانچە قېتىملىق غازات ئۇرۇشىغا باش بولغان بولسىمۇ ھەممىدە مەغلۇپ بولغان. بىرىنچى قېتىمقىسىدا قۇرتقا قەلئەسىنىڭ بېگى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قوقانغا ئەۋەتىۋەتكەن. كېيىن ئۇ 1847 - ۋە 1857 - يىلدىكى ئىسيانغا قاتناشقان بولسىمۇ بىراق ھېچبىر نام - ئاتاققا ئىگە بولالمىغان.

جاھانگىردىن بۇزرۇكخان تۆرە ئىسىملىك يالغۇز ئوغۇل قالغان. ئۇ چوڭ خوجىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا مەخدۇم ئەزەم دېگەن نامغا ئېرىشەلىگەن. يېشى 38 لەرگە ئۇلاشقان مۇلايىم بۇ كىشىنى ھەممەيلەن ئوقۇمۇشلۇق ھەم پەزىلەتلىك زات دەپ تەرىپلىشىدۇ. ۋەلىخان تۆرىمۇ قەشقەرنى ئېلىشتا بۇزرۇكخاننىڭ نامىدىن پايدىلانغان. كىچىك بۇخارالىقلار ھازىر بارلىق ئۈمىدىنى ئاشۇ كىشىگە باغلىماقتا، قىرغىزلارمۇ ئاشۇ شاھزادە باشلايدىغان غازات ئۇرۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.

قەشقەرلىكلەر يەنە ئاپپاق خوجا جەمەتىدىن بولغان تۇردى خوجا ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ. تۇردى خوجا ئەينى چاغدا مانجۇلار ئالتە شەھەرنى ئىستىلا قىلغاندا ئەسىرگە ئېلىنىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلگەنمىش ۋە بېيجىڭدا تۇرۇپ «گۆك» نامىنى ئالغانمىش. 1856 - يىلى تۇردى خوجا جەمەتىگە مەنسۇپ بىر كىشىنىڭ جەسىتى ئاپپاق خوجا مازىرىغا قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىپتۇ. جەسەتنى ئەكىلىشكە مەسئۇل بولغان ئادەم تۈركىي تىلدا سۆزلىشەلمەيدىكەن، كىيگەن كىيىملىرىمۇ مانجۇلارنىڭ كىيىملىرىدىن پەرقلەنمەيدىكەن.

«چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى» (خەنزۇچە) ۋە 1985 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» (قازاقچە) ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمتىمىن ئۆمەر

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# ئۇزاققا سوزۇلغان ئىسىم دەۋاسى

مەريەم ساقىم

(شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە كافېدراسىدىن)

1993 - يىلى ياپونىيە توكيو ئاكىشىما شەھىرىدە ئاشخانا ئاچىدىغان 30 ياشلىق ساتو (佐藤) دېگەن كىشى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلىغا ئاكۇما* (恶魔 AKuma) دەپ ئات قويغانلىقى سەۋەبىدىن تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال، رادىئو قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە بىر مەھەل قاتتىق غۇلغۇلا، بەس - مۇنازىرە پەيدا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىغانىدى.

ساتو ئاكىشىما شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاھالىنى رويخەتكە ئېلىش ئىشخانىسىغا ئوغلىنىڭ ئىسمى تولدۇرۇلغان جەدۋەلنى سۇنغاندا، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىسىم بالىنىڭ كەلگۈسىگە يامان تەسىر كۆرسىتىشى ۋە يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقىنى ئويلىشىپ، باشقا ئىسىم تاللاش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن ۋە بۇ ھەقتە ياپونىيە قانۇن مىنىستىرلىكىگە يوليورۇق سوراپ دوكلات سۇنغان.

دۆلەتلىك ئاھالىنى رويخەتكە ئېلىش قانۇنىنىڭ «بالىلارغا ئىسىم تاللاشتا، كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خەتلەردىن ئىسىم قۇراشتۇرسا بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دادا بولغۇچى «恶 ۋە 魔 خەتلىرى دائىم ئىشلىتىلىدىغان خەت، ئىسىم تاللاش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان يېرىم يوق» دەپ بۇ مەسلىھەتكە قايىل بولماي، توكيو خاچىئوبى شەھەرلىك ئائىلە سوت كوللېگىيىسىگە ئەرز سۇنغان. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوت كوللېگىيىسى يېپىق سوت ئۆتكۈزگەن. ساتو ئەر - ئايال ۋە ئىبلىس ئۈچى سوتقا قاتناشقان، سوت ئىسىم تاللاش مەقسىتى، بۇ ئىسىمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىنكاسى، بالىنىڭ كەلگۈسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، بالا چوڭ بولغاندا بۇ ئىسىمغا بولغان پوزىتسىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ سوئال قويغان. دادا بولغۇچى «رومانتىك خىياللىرىم ۋە گۈزەل چۈشلىرىمنىڭ ئىنكاسى بولغان بۇ ئىسىمنى، بالامنىڭ كەلگۈسى غەلىبىلىك ۋە ئۇتۇقلۇق بولسۇن دېگەن ئارزۇدا قويدۇم. دۇنيا بەرپا بولغاندىن بېرى ئىبلىس، ئالۋاستى، يالماۋۇزلار ھەر خىل سېھىرگەرلىكلەرنى ئىشلىتىپ دۇنيانى بويسۇندۇرغان ئىشلار بولغان، شۇڭا ئۇلاردا ۋەھشىيلىكلەر ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان قۇدرەتمۇ بار دەپ ئويلايمەن. ئىنسان دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ ۋە ئۆمرىدە بىر ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرلا ئاڭلىغان كىشى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغان، تارىختا تېخى قويۇلۇپ باقمىغان بۇ ئىسىمنى قويۇشنى خالىدىم. بالام ئىبلىس دېگەن بۇ يامان نامنى ياخشى نامغا

## كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى

* ئاكۇما (恶魔 AKuma) نىڭ لۇغەت مەنىسى ئىبلىس، ئالۋاستى، ياۋۇز، يالماۋۇز، ۋەھشىي دېگەن مەنىدە، ماقالىدا ۋەكىل خاراكتېرىدە ئىبلىس دەپ ئېلىندى.

ئۆزگەرتەلەيدىغان قالتىس ئادەم بولسۇن دەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ مەسىلە توغرىسىدا قانۇن مىنىستىرلىكىنىڭ خەلق ئىشلار مەھكىمىسى تۆۋەندىكىدەك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

ئىنسان كەمسىتىلىدىغان مەنىدىكى خەتتىن قۇرۇلغان ئىسىمنى ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىسىمنىڭ بالىنىڭ كەلگۈسىگە ناچار ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈش مۇمكىنلىكىنى قىياس قىلغىنىمىزدا، ئاتا ـ ئانا ئىسىم تاللاش ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتتى دېيىشكە بولىدۇ. بالا «ئىبلىس، ئالۋاستى» دەپ چاقىرىلسا، جەمئىيەتتە ھاقارەت ۋە كەمسىتىلىشكە ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولماس، شۇڭا بۇ ئىسىمنى قويۇشنى مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارايمىز. بۇ غۇلغۇلا ـ غەۋغالار بىلەن بەش ئايمۇ ئۆتۈپ كەتكەن، بەش ئايدىن بېرى بالىنىڭ ئىسمى رويخەتكە ئېلىنماي، ئىسىم كاتەكچىسى بوش تۇرىۋەرگەن، ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى «ئاكۇما (ئىبلىس)» دەپ چاقىرىۋەرگەن. بۇ ئىسىمنى دادا بولغۇچى تاللىغان، ئانا بولسا دادا بولغۇچىغا «سەن ئويلاپ تاپقان ئىسىم، مەن ھەرگىزمۇ قارشى ئەمەس» دېگەن. دادىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمىغان بولسىمۇ، بالىنىڭ رايى ئۇچۇن: «ھەقىقي ئىبلىسنىڭ ئەكسىچە ياخشىلىقنىڭ سىموۋولى بولۇپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشى ئىنسان سۈپىتىدە ئىبلىس ئوبرازىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىنسان بولۇشنى تىلەيمىز» دېگەن.

بۇ مەسىلىدە ئىسىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ ئاڭلاپ ئۆتۈلگەن. ئۇلار «ئۆز بالىسىغا ئىسىم تاللاش ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشى. ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشى توغرا بولمىغان ئىش. بىراق مەسىلە شۇكى، بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا خىلمۇ خىل ھېسسىيات داۋانلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەمدۇ ـ يوق، بۇنىڭغا قارىتا ئاتا ـ ئانىدىمۇ مەلۇم ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە جاۋابكارلىق بولۇشى كېرەك» دېيىشكەن.

بۇ خەۋەر دۆلەت خاراكتېرلىك چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلغاچقا، خەلق رايى ستاتىستىكا قىلىنغان، ئىككى كۈن ئىچىدە ئاممىدىن 130 پارچە خەت تاپشۇرۇۋېلىنغان. بۇ ئىسىمغا قارشى پىكىردىكى خەتلەر 109 پارچە بولۇپ مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

«ئۆز بالىسىغا مېھرى ـ مۇھەببىتى بار ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئىبلىس، ئالۋاستى، يالماۋۇز دەپ چاقىرىشنى خالارمۇ؟»، «بۇ ئىسىمنى تاللىغان دادا قۇرۇق نام ـ ئابروي چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئوخشايدۇ، بۇ ئىسىمنى قويۇش، بالىسىنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرگەنلىك ئەمەسمۇ؟!»، «بۇ ئاتا ـ ئانا، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىپتۇ، ئىنسانغا مۇناسىپ ئىسىم تاللىماپتۇ»، «ئاتا ـ ئانا ئۇچۇن ئۆز بالىسىغا ئىسىم تاللاش، ئارزۇ ـ ئارمان، ئۈمىد، تىلەكلەرنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ دادا نېمىنى ئويلىغاندۇ؟ بۇ ئىسىم بىلەن ئۆز بالىسىغا تولىمۇ ئېغىر بىر يۈكنى ئارتىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلمىغانمىدۇ، مېنىڭچە بۇ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك»، «بالا چوڭ بولۇپ مەكتەپتە ئوقۇر، ئىبلىس ـ ئالۋاستى بىلەن كىمنىڭمۇ دوست بولۇپ بىللە ئوينىغۇسى كېلەر، بۇ بالىغا ئازاب بېغىشلىماي قالارمۇ؟ بۇ ئۆز بالىسىنى خورلاش ئەمەسمۇ؟»، «دادا بولغۇچى بۇ ئىسىمنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ‹ئىبلىس› قا يۆتكەپ ئالسىلا بولماسمىدى»، «بۇ بالا چوڭ بولۇپ دوختۇر بولدى دەيلى، بىمار قانداقمۇ ئىبلىس ـ ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېسىلىنى كۆرسەتكۈسى كېلىدۇ»، «بالا تۇغۇلغاندا گەپمۇ قىلالمايدۇ، نېمىنى ئويلايدۇ، نېمىنى خالايدۇ، ھەرگىزمۇ بىلدۈرەلمەيدۇ. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدا مۇستەقىل خاراكتېر، پىكىرلەر يېتىلىدۇ. بەلكىم دادا بىلەن بالا تامامەن باشقا ـ باشقا خاراكتېر، پىكىردە بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار. شۇڭا دادا بولغۇچى، بالىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئويلانمىسا بولامدۇ؟»، «مەن قانۇن مىنىستىرلىكى خەلق ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىسىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدا ئىسىم تاللاش ھوقۇقىغا مەمۇرىيەت ئارىلىشامدۇ؟ قانچىلىك دەرىجىدە ئارىلىشالايدۇ؟ دېگەندەك بەلگىلىمىلەر يوق. بىراق ھوقۇقىنى

قالايمىقان ئىشلىتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىسى بولىدۇ، دېيىلگەن.

ھەقىقەتەنمۇ ئۆز بالىسىغا ئىسىم قويۇش، ئاتا - ئانىنىڭ ھوقۇقى، بۇ قېتىمقى ئىسىم قويۇش مەسىلىسىدە قانۇن مىنىستىرلىكى خەلق ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەت پىكرىگە قايىل بولدۇم» .

بۇ قېتىمقى ئىسىم تاللاش غۇلغۇلىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالىدا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «ياپونىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى 田中角荣 (تاناكاكاكۇئېي) تەختتە ئولتۇرۇپ، راسا شۆھرەت تېپىۋاتقان مەزگىلىدە خېيوگو ئۆبلاستىدا ئولتۇرۇشلۇق 田中 (تاناكا) فامىلىلىك بىر ئائىلىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلغان. ئاتا - ئانىسى بالىسىغا 角荣 (كاكۇ ئېي) دەپ ئىسىم قويغان. لېكىن سابىق باش مىنىستىر لوككېد (Lockheed) سەتچىلىكى ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بالا مەكتەپتە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپ تولىمۇ بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىكەن. 1982 - يىلى تاناكا ئائىلىسى بالىسىنىڭ كاكۇئېيى (角荣) دېگەن ئىسمىنى يۆتكۈۋېتىش ئىلتىماسىنى، كوبې شەھەرلىك ئائىلە سوت كوللېگىيىسىگە سۇنغان، سوت «بۇ ئىسىم، بالىغا روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە ۋە ئازاب كەلتۈرگەچكە، ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ» دەپ تەستىق سالغان.

ساپپورو شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېگەن: «دۇنياغا كۆز ئاچقان بالا كىمگە تەئەللۇق؟ دۆلەتكىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ، ئاتا - ئانىسىغىمۇ؟ ھېچقايسىسىغا تەئەللۇق ئەمەس! بالا ئۆزى - ئۆزىگە تەئەللۇق، تۇغۇلغىنىدا ئۇ ھېچنەرسە دېيەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈنسۆرۈك جىسمانىي، روھىي دۇنياسى بولغان ئىنسانغا تەئەللۇق بولىدۇ. ئاتا - ئانا بالا مېنىڭ پۇشتۇم، ئاتا - ئانىلىق ھوقۇقىمىز بىلەن قانداق ئىسىم قويۇش بىزنىڭ ھەققىمىز دېيىشكە بولامدۇ؟ ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز بالىسىغا ئازاب بېغىشلايدىغان، ئۇنى خورلايدىغان، ئېبلىس - ئالۋاستى دەپ چاقىرىدىغان ھەققى يوق. چۈنكى ئۆز بالىسىغا دىل ئازارى بېرىدىغان، ئۇنى خورلايدىغان ئىسىم قويغان ئاتا - ئانا شۇ بالا ئالدىدا جىنايەتچىدۇر، ئۆز بالىسىغا ئىسىم قويۇش، ئاتا - ئانىنىڭ ھوقۇقى دەپ، شۇ ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتكەن ئاتا - ئانىلارغا شۇنى دېگۈم كېلىدۇ، تۇغۇلغان بالىغا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، تىلەك - ئۈمىدلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئىسىم تاللاش ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن چوڭ ۋەزىپە، ئاشۇ بالىنى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە چىقىرىش ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ئازاب بېغىشلايدىغان ئىسمىنى قويغان ئاتا - ئانىنى، بالا چوڭ بولۇپ ئەرز قىلسا، شۇ ئاتا - ئانىنى قانۇن جازالاش كېرەك. ئۆز بالىسىنى ئېبلىس - ئالۋاستى، يالماۋۇز دەپ چاقىرسا، يۈرىكى ئاغرىمايدىغان ئاتا - ئانا بولارمۇ؟ شۇ ئاتا - ئانا 365 كۈن ئۆز بالىسىغا نىسبەتەن ھاقارەتلەش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. بالا ئاتا - ئانىنىڭ مۈلكى، نېمە قىلسام بولىدۇ، دەيدىغان خىياللار ۋە بۇرۇنقى زامانلاردىكى فېئوداللىق كۆز قاراشلاردىن قۇتۇلالمايۋاتقان، كۆڭلى نامرات كىشىلەرنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن.

ئۆز بالىسىغا ئىسىم قويۇش ئاتا - ئانىنىڭ ھوقۇقى ۋە خاھىشى، دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، قانداق ئىسىم تاللاش قانۇندا چەكلەنمىگەن، ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا ئىنسانىيەت دۇنياسى نېمىگە ئوخشاپ قالار، ھەجۋىيلىك ۋە مەسخىرىۋازلىقتىن باشقا نېمە بولار . . . » .

شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ساتو تۇنجى ئوغلى 10 ئايلىق بولغاندا، ئاكىشىما شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئوغلىغا يېڭى ئىسىم تاللاپ، رويخەتكە ئېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەتكەن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاتا - ئانا - بالا ئۈچى شەھەر باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى ۋە «ئۆزۈنغىچە ئاۋارىچىلىق كەلتۈردۇق» دەپ سالام - سائەت قىلدى.

بالىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاھاڭى يەنىلا ئاكۇما بولۇپ خېتى Aku 亚驱 بولدى، بۇنى 亚区马 Akuma دەپ ئوقۇسا بولىدۇ.

دادا بولغۇچى ئوغلىنى يېتىلمەس، كۈچلۈك ئىرادىلىك ئادەم بولسۇن دېگەن شېرىن ئارزۇدا ئىدى. ئالۋاستى دەپ ئىسىم قويۇشتا ناھايىتى چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى تولىمۇ ئاجىز كېلىپ قالغان. ئۇ 1996 - يىلى 6 - ئايدا زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى قىلىپ قولغا ئېلىنغان. ھازىر تۈرمىدە ئىكەن. ھازىر ئاكۇما باشلانغۇچ 1 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئاشۇ ئىسمىنىڭ غۇلغۇلىسى دادىسىنىڭ قولغا ئېلىنىشى تۈپەيلى، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىۋاتامدىغاندۇ؟ ساق - سالامەت كېتىۋاتقانمىدۇ؟ ئاكۇمانى دادىسىنىڭ سىڭلىسى بېقىۋېتىپتۇ، ئاپىسى دادىسى قولغا ئېلىنىشتىن 6 ئاي بۇرۇن ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن. ھازىر بالىسى بىلەن ئۇچراشمايدىكەن. ئانا تولىمۇ ھەسرەت بىلەن مۇڭداق دەپتۇ: «يېڭى تۇرمۇش باشلىغاچقا، بالام بىلەن ئۇچرىشالمىدىم، ئەمما ھەمىشە ئويلايمەن، بالام ھەققىدىكى خىياللىرىم يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىنىدۇ».

بوي - تۇرقى ۋىجىككىنە ئاكۇما پۇتبول بىلەن ھەرخىل مۇسابىقە ئويۇنلىرىغا قىزىقىدىغان جۇشقۇن بالا بوپتۇ، بىر قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە يۈگرەشتە 1 - لىكنى ئاپتو. ئۇ گەرچە باشلانغۇچ 1 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولسىمۇ، بىرەر يېرىنى يارىلاندۇرۇپ ئالسا، خۇددى چوڭ كىشىلەردەك ھامىسىغا «ھېچقىسى يوق ھاما، كېرەك يوق!» دەپ تەسەللى بېرىدىكەن. كەلگۈسىدە پۇتبولچى بولۇش ئارزۇسى بار ئوخشايدۇ. چۈنكى دەرستىن سىرتقى پۇتبول كۇلۇبىغا قاتنىشىۋېتىپتۇ. كىشىلەر ئەنسىرىگىدەك، باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن ئوخشايدۇ؛ كۆپ دوستلىرى بارمىش.

دادىسى دائىم خەت يېزىپ تۇرمايدىكەن، ناۋادا خەت يېزىپ قالسا ئوغلىغا كۆيۈنۈش، ئەنسىرەش مېھرىبانلىق ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلىدىكەن. مومىسى: «ئوغلۇمنىڭ تۈرمىدىن چىقىشى تېخى بالدۇر. تۈرمىدىن چىقسام بالىنى ئۆزەم تەربىيىلەيمەن دەيدۇ. بىراق، بالا بەكمۇ ئازاپلىنىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلەنگەن ئادەملەرنىڭ 8 ئۈلۈشىنىڭ قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بار دېيىشىدۇ. شۇڭا قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ مەلۇم ۋاقىت ئەھۋالغا قاراپ باقارمەن» دەپتۇ. بۇ خەۋەر 2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېزىلغان.

بوۋاقنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى — ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە دەپ ئويلايمىز. ئەگەر يارامىلىق ئادەم بولۇپ تەربىيىلەنسە، ئەلۋەتتە.

ھەرقانداق ئائىلىدە بالا تۇغۇلۇشتىن ئاۋال ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن قانداق ئىسىم قويۇش توغرىسىدا كۆپ ئويلاشلار، مۇلاھىزىلەر، تالىشىشلار، مەسلىھەتلەر بولىدۇ.

ئىسىم تاللاش، شۇ ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياشاش ئارزۇلىرى، ئىستەكلىرى، ئىنتىلىشلىرى، تەپەككۇر، گۈزەل غايىلىرىنىڭ بىر ئېغىز سۆزگە مۇجەسسەملىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسى يەنى ئارزۇ - ئارمان ئىنتىلىشلىرىمىزنى، تىلەكلىرىمىزنى قويغان ئىسىم بىلەن نامايەن قىلىش ۋە بالىنىڭ ھاياتىغا مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنى بىلدۈرۈش بۇرچىمىز بار.

بۇ ماقالىنى بۇندىن كېيىن بىزنىڭ ئىسىم تاللاش، ئىسىم قويۇش ئىشلىرىمىزدا پايدىلىنىش قىممىتى بولۇپ قالار دېگەن مەقسەتتە ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# «ئۇزاقتا سوزۇلغان ئىسىم دەۋاسى» ۋە بىزدىكى كرىزىس

ئەسەت سۇلايمان

كىشى ئىسىملىرى گەرچە ئۆز خاراكتېرى بىلەن شەخسلەرگە خاس بەلگە ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئېستېتىك خاھىشىنى ئىپادە قىلىپ تۇرىدۇ. كىشى ئىسىملىرى ئەركىن تاللىنىدۇ. ئەمما مۇئەييەن دەرىجىدە مىللىي مەدەنىيەت چەمبىرىكى ۋە جامائەت پىكرىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسىم قويۇش ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ ھامان مۇئەييەن بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاھىشىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسىم - فامىلە مەسىلىسى كونكرېت شەخس سۈپىتىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي ئىشى، شۇنداقلا پۈتكۈل مىللەتنىڭمۇ ئومۇمىي ئىشى. بىر مىللەت ئىسىم - فامىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشىنى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ بولغان شەخسلەرنىڭ كونكرېت تاللىشى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت خاھىشى ئورتاق بەلگىلەيدۇ.

يېقىندىن دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بىر بوۋاق ئۆزىنىڭ قەيەردە، قايسى مىللەتتە ۋە قايسى ئائىلىدە تۇغۇلۇشىنى تاللىيالمايدۇ، بۇ بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىگە قانداق ئىسىم قويۇلۇشىنىمۇ بەلگىلىيەلمەيدۇ. پەقەتلا ئاتا - ئانىسىنىڭ تاللىشى بىلەن جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان مەلۇم بىر ئىسىم بىلەن ئۆمۈر بويى چاقىرىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز سالاھىيىتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى دەپ بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسىم قويۇشتىكى ئەستايىدىللىق ئەمەلىيەتتە مىللەت، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر.

مەريەم ساقىمنىڭ مەزكۇر ماقالىسى بىزگە ئۇلۇغ ئوكياندىكى ئارال دۆلىتى ياپونىيىدە يۈز بەرگەن «ئىسىم ۋەقەسى» نىڭ زىلزىلىسىنى يەتكۈزدى، ھەممە ئىشقا ئەستايىدىل قارايدىغان ياپونىيىلىكلەرنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيىتىنى، ئىنسان ھوقۇقلىرى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت بۇرچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىلىرىنى قىزىقارلىق «ئىسىم ۋەقەسى» ئارقىلىق بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن بالىنىڭ ھەرگىزمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەسلىكىنى، بەلكى پەرزەنتلەرنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ھامان ئۆز - ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنداق بولغانىكەن، بالىلارغا ئىسىم قويۇش مەسىلىسىمۇ ئەلۋەتتە ھەم ئاتا - ئانىنىڭ، ھەم پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشىغا ئايلىنىشى كېرەك!

ياپونىيىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ساتۇ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يېقىندىن تۇغۇلغان ئوغلىغا Akuma (مەنىسى «ئىبلىس، ئالۋاستى») دېگەن ئىسىمنى قويۇشى بىلەن باشلانغان بۇ كەسكىن مۇنازىرە پۈتكۈل ياپونىيىلىكلەرنى ئىسىم مەدەنىيىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. كىچىككىنە بىر ئىشتەك تۇيۇلىدىغان بۇ ۋەقە ئائىلىدىن ھالقىپ چىقىپ جەمئىيەت ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ

مۇنازىرىگە يەنە - ئاتا - ئانىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى، بالىنىڭ كىشىلىك ئىمتىيازى، جامائەت پىكرى ۋە جەمئىيەتنىڭ رولى ھەمدە قانۇن ۋە دۆلەتنىڭ بۇرچى قاتارلىق بىرقاتار مەسىلىلەر ياندىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە ياپونىيە بۈگۈنكى زامان تارىخىدىكى ئەڭ كۆپ بەس - مۇنازىرە قوزغىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. ياپونىيىلىكلەرنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ، ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ، ئىنسان ھوقۇقى بىلەن مەسئۇلىيىتىنىڭ شۇنداقلا خۇسۇسىي تاللاش بىلەن قانۇنىي مەجبۇرىيەتنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، قايتا تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئىسىم - فامىلە ئىسلاھاتى جىددىي تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىز تېخى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى ھېس قىلالمىدۇق. مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى بولغان فامىلە قوللىنىشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلۈكىنى، ئىسىملىرىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمىدۇق. ئىسلامىيەت ئېتىقادىدىن كېيىنكى مىڭ يىللار داۋامىدا ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرى پۈتكۈل ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تەشكىل قىلىپ كەلدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىمىزغا « - ئوپ، يوپ، ئوۋا، يوۋا» قاتارلىق رۇسچە تەركىبلەر قوشۇلدى ۋە ئاتالمىش يېڭى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارالدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەنئەنىۋى كىشى ئىسىملىرىمىزنى كونىلىقنىڭ، قالاقلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىدۇق ۋە ئۇلارغا بىر كېچىدىلا «ئىنقىلابىي تۈس» بېرىشكە ئۇرۇندۇق ھەتتا بىر قىسىم خەنزۇچە ئىسىملارنىمۇ قوللاندۇق. 80 - يىللاردىن كېيىن، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھېس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تارىخقا ۋە ئەسلىگە قايتىشتىن ئىبارەت خېلى زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇشتا ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرگە قارىغاندىمۇ كۆپرەك ئويلىنىدىغان بولدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق يۈزلىنىش ھېلىھەم ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلىنالمىدى. مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان «رومانە، ئىنارە، تامارا، ۋېنىرا، ئوپېرا، ئىلفىرە، يۇپىتېر، ئارسىن، مارس، ئاتوم» قاتارلىق غەيرىي ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

ئاتا - ئانىلىرىمىز كىشى ئىسىملىرى بىلەن پەرزەنت، جەمئىيەت، مىللىي مەدەنىيەت ۋە جامائەت پىكرى ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىدى. كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆز نەسەبىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان فامىلە قالدۇرۇپ قويۇشنى ئويلىمىدى. پەرزەنتلىرىمىزگە قويغان تۈرلۈك ئىسىملارنىڭ بىر ئاددىي سالاھىيەت بەلگىسىلا ئەمەس، بەلكى مىللىيەتلىك سۈپىتىمىز بىلەن كىملىكىمىزنىڭمۇ مۇھىم بىر ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىدى. . مانا بۇ بىزنىڭ يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدىكى ئىسىم - فامىلە مەدەنىيىتىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان كرىزىستۇر.

دۇنيا بىر گەۋدىلىشىش، ئىقتىساد يەرشارىلىشىش، مەدەنىيەت چېگرىسىزلىشىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت چوڭ ئېقىمغا قوشۇلۇشى زۆرۈر بولماقتا. ۋاھالەنكى، مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇشى مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يوقۇلۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتنىشىش زۆرۈرىيىتى بىزگە ئۆزىمىزگە خاس مىللىي ئىسىم - فامىلە سىستېمىسى يارىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرماقتا. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، مەريەم خانىمنىڭ مەزكۇر ماقالىسى تىنچ ئوكياندىكى ئارال مەملىكىتىدە يۈز بەرگەن «ئىسىم ۋەقەسى» نىڭ زىلزىلىسى ئارقىلىق بىزنىڭ ئىسىم - فامىلە ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشىمىزغا پىلتە بولالىسا ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

# كەلپىنلىكلەر ۋە كەلپىندىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى

مامۇت قۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

مەن 1989 - يىلدىن باشلاپ كەلپىن ۋە كەلپىنلىكلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، بۇ يەردىكى يەر نامىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ بەزى ماتېرىياللارنى توپلىغان بولساممۇ، رەسمىي ماقالە يېزىپ، كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. كېيىن ئابدۇللا تالىپ ئاكىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ ماقالەمنى يېزىپ پۈتتۈردۈم.

## 1. كەلپىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

كەلپىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئورنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 151 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 110 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغلىق جايلار يەر كۆلىمىنىڭ 72.4% نى، تۈزلەڭلىك 27.6% نى ئىگىلەيدۇ.

كەلپىننىڭ تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان، بۇ يۇرت غول قاتناش يولىدىن يىراقتا بولغاچقا، ئاھالىسى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزىگە خاس ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتلىق تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. كىلىماتى قۇرغاق، سۇ قىس، ئەتىيازدا بوران كۆپ چىقىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ يۇرتنىڭ ئاھالىسى تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئۈچ خىل ئىگىلىكنى بىر گەۋدە قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سۈيى قىسىل تاغ ئېغىزىدىن 6 — 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇ بېشى بۇلاقلىرىدىن كېلىدۇ. كەلپىننىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز، تاغقا يېقىن، جەنۇب تەرىپى ئالاھىدە پەس بولغاچقا، يامغۇر ياغسىلا تۇپراق ۋە شېغىللارنى ئېقىتىپ كەلگەن سۇ ئەينى ۋاقىتتا «ئۇلۇغ يار»، «توغرا يار»، «قىسماق سېيى»، «مازار ئېقىن جىلغىسى» نى، ئاچال تەرەپتە «قاغىناق جىلغىسى» قاتارلىق قىيانلىقلارنى ھاسىل قىلغان. بولۇپمۇ مازار ئېقىن قىيانلىقى بىلەن قاغىناق جىلغىسى، «قىسىل تاغ ئېغىزى» دىن كەلگەن سۇ ھەر يىلى كەلپىن يۇرتىغا بەزى ئاپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. «ئۇلۇغ يار» بىلەن «توغرا يار» 250 يىلدىن بېرى تېرىلغۇ يەرگە ئايلانغان. كەلپىن ئاچالنىڭ سۈيى كەلپىن ناھىيە بازىرىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توقاي - مازار ئېقىن (كەلپىن گۈڭگۈرت كان تېغى ئاستىدىن) دىن باشلىنىپ، 30 كىلومېتىر ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان «كۆكۆل» * لاردىكى سۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن زور ئېقىن ھاسىل قىلغان. كەلپىن ئاچالنىڭ سۈيىنىڭ ئاچچىقراق بولۇشى تەركىبىدە ماگنىي سۇلفات، ناترىي سۇلفاتقا ئوخشاش ئانئورگانىك تۇز




* «كۆكۆل» — تاتلىق سۇ بۇلىقى دېگەن مەنىدە.

مىقدارىنىڭ يۇقىرىراق بولغانلىقىدا.

كەلپىن هازىرقى مەزگىلدە گەزلىك يېزىسى (گەزلىك، پاسۇن، قاشىرىق، باغلىق، قۇملۇق، قالما ئايماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يۇرچى يېزىسى (قاراكۇت، يۇرچى، تومئېرىق، ئارايماق، قۇمئېرىق، يۇقىرىس ئايماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاچال يېزىسى (ئاچال، كۆل، چىلان، تۇرا قاتارلىق ئايماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك كىچىك تۈزلەڭلىكتىن تەركىب تاپقان. يايدى دېيىلىدىغان يۇلغۇنلۇق يايلىقى، قارا كۆل دېيىلىدىغان تەبىئىي توغراقلىقى، قىزىلتام، ئاقتام، ئۆتەڭ دېيىلىدىغان قونالغۇلىرى بولغان.

2. كەلپىنلىكلەر

كەلپىن ئاھالىسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئەتراپتىكى قوشنا ناھىيىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان تۆۋەندىكىدەك قىزىق رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

«ئەيسا پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن تۇران شاھى ئاپراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ چېرىكلىرى ئۈچ، سەپەرۋاي ۋە تاغبۇلاق يۇرتلىرىدا چۇشكۈن بولغانىكەن. تاغبۇلاقتا چۇشكۈن بولغان چېرىكلەرنىڭ دۇلدۇللىرى باغلىق ئايمىقىنىڭ جەنۇبى ۋە ساقا، ساغان تاغلىرىنىڭ يامزىلىدىكى چۇژگۈن يايلىقىدا ئوتلايدىكەن. بىر كۈنى ئىككى دۇلدۇل يوقاپ كېتىپتۇ - دە، بىر ئايغىچە هېچ يەردىن تېپىلماپتۇ. شۇڭا بۇ يۇرتتىكى قەدىمكى «تاغبۇلاق» نامى، ساغان تېغىدىكى «دۇلدۇل ئوقۇر» نامى ۋە «ئېزىتقۇ» لەقىمى ئاشۇ زاماندىن قالغانىكەن، ...».

ۋاھالەنكى بۇ يۇرتنىڭ قەدىمكى نامى «تاغبۇلاق» نىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە يېقىن مەزگىللەردە «كەلفىن»① گە ئۆزگىرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن يەنە بىر رىۋايەتمۇ بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ: «تەخمىنەن مۇندىن 10 ئەسىرلەر بۇرۇن ئىسلام غازاتچىلىرى بىلەن ئۇدۇن بۇددىستلىرى ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئەسىرگە ئېلىنغان، لېكىن ئەقىدىسىدىن يانمىغان بۇددىستلار چاقىلىقتىن يېڭى ئەسىر لاگىرى كەلپىنگە ئېلىپ كېلىنىپ ماكانلاشتۇرۇلغانىكەن».

بۇ قارىماققا رىۋايەت تۈسىنى ئالغاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە بىر جەھەتتىن تارىخىي چىنلىقتىنمۇ ھەرگىز مۇستەسنا ئەمەس. چاقىلىق بىلەن كەلپىن ئاھالىسىنىڭ تىل - شىۋە، ئۆرپ - ئادەت، ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ئاجايىپ ئوخشاشلىقى، ھەر ئىككىلا جايدا تۆگىدىن پايدىلىنىشنى تولۇق بىلىشى، بىزنىڭ ئەشۇ كۆز قاراشلىرىمىزغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: (1) كەلپىنلىكلەرنىڭ ئىستېمالىدا ئومۇملاشقان ناننىڭ بىر خىلى بولغان «چاپتى» چاقىلىقتىمۇ بار، چاقىلىقلىقلار بۇ ناننى «چاپتى» دەيدۇ. (2) ھەر ئىككىلا جايدا «سىز» نىڭ ئورنىغا «سەن» كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. (3) ھەر ئىككى جايدا «d» ھەرپى ئورنىدا «t» ھەرپى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، تىل لېكسىكىسىدا سىپايى - ھۆرمەت سۆزلىرى كەمدىنكەم ئىشلىتىلىپ، «سىلى»، «ئۆزلىرى» قاتارلىق تەكەللۇپ سۆزلىرى ئورنىغا «سەن» تەلەپپۇزىنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى ۋە دىئالوگ تەلەپپۇزىنىڭ تېز ۋە چۇس بولۇشىدەك ئامىللارنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كەلپىنلىكلەر قوشنا ناھىيە ئۇچتۇرپان، مارالبېشى ئاھالىلىرىدىن 1.5 ھەسسە، ئاقسۇ ئاھالىسىدىن تەخمىنەن 2 ھەسسە تېز سۆزلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت كەلپىنلىكلەرنىڭ ئېتنىك يۇغۇرۇلمىسىدا يەنە ئىپتىدائىي شامان دىنىنىڭ ساقىندىلىرىمۇ ساقلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، بىمارلار پېرىخون، باخشىلارنى تەكلىپ قىلىپ پېرە ئوينىتىش ئادىتى كەلپىندە ئەۋج ئالغانىدى. «ئايماق» (كەلپىندە «كەنت» نى كۆرسىتىدۇ) «كەنت» ئاتالغۇسى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تىل مىراسى بولۇپ، ئۇنىڭغا هازىر كەلپىنلىكلەر ۋارىسلىق

* ئەسلىدىكى توغرا نامى «كەلفىن» بولۇپ، كېيىنرەك «كەلپىن» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

قىلىپ كەلمەكتە. كەلپىنلىكلەر لەقەمنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان خەلق. كەلپىن خەلقى ئىچىدىكى لەقەملەرنىڭ يىلتىزىنى ئۈچ مەنبەدىن ئىزدەشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇ قەدىمكى توتېم ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: ھاپىز تورغاي، ھەسەن تورپاق، ئەمەت قارچۇغا، ھوشۇر ماياق؛ ئىككىنچى، مىللىي نەسەبىگە مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: مەسۇم چاڭچى، خۇدابەردى ئوغان، توختى خىتاي، ھەسەن قالماق، مەپىز قالماق؛ ئۈچىنچى، ئايرىم شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: قاسىم كاشال، قادىر داراز، قېيۇم كاسكى، سايىت چەنپەن*، ئاللا قۇش**.

بىز بىرەر جايدىكى ئاھالىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. قۇرغاق ئىقلىم — زېرەك ۋە چۇسلۇقنى؛ بىر - بىرىگە زىچ ئۇلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە تۇرمۇشى — ئۆملۈكنى؛ بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىگىلىك مۇھىتى — تەڭلىكنى بەخش ئەتكەن. بۇ جاينىڭ ئاھالىسى جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، مەنىۋى جەھەتتىن ئۈمىدۋار، تىرىشچان كېلىدۇ؛ بۇ جايدا گومۇش - دېۋەڭ، توغما مېيىپ، قەلەندەر - سائىللار ئۇچرىمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى - نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئوبيېكتى تۆۋەندىكى 3 نۇقتىدا دەۋر قىلىپ كەلدى: (1) ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ (2) ئادەملەر بىلەن ئىلاھىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ (3) ئادەملەر بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئەمما كەلپىن ئاھالىسىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يۇقىرىدىكى 3 نۇقتىنىڭ بىرىنچىسى بىلەن ئۈچىنچىسى ئېتىبارسىز ئورۇندا تۇراتتى. چۈنكى چەكلىك بۇلاق سۈيى ھەمدە باي بىلەن گاداي ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئانچە زور بولماسلىقى، ئۆتمۈشتىكى مەنسەپ ئىگىلىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق پايدا - زىيان ئورتاقچىلىقى يوق، دەپ قاراش تۇيغۇسى قاتارلىق ئامىللار «ئۆزگىچە كەلپىن پسىخىكىسى» نى ياراتقان. قەدىمكى زامان ئامباللىرىنىڭ كەلپىنگە بېرىشنى رەت قىلىشتەك ۋەقەلەر ئاشۇ پاكىتنىڭ دەلىلى، چۈنكى كەلپىندە قىممەت سالمىقى كۆپ، پۇللۇق ھەق - تەلەپ ماجىرالىرى سادىر بولمايتتى. سودىسى پەقەت ئېلىم - بېرىم يەنى ماددىي بۇيۇملارنىلا ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلاتتى. بۇ خىل ھالەت ھازىرمۇ بار. ئەسلىدىلا تاۋار سودا باج كىرىمى يوق دېيەرلىك بولغاچقا، ئادەتتە ئامباللارغا كەلپىندە نەپ يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مەنسەپ سېتىۋېلىشقا قىزىقىشى باشقا يۇرتلارنىڭكىدەك زۇرۇر ئەمەس ئىدى. كەلپىن خەلقى ماددىي تۇرمۇشتا كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش كويىدا بولغاندىن باشقا، مەنىۋى تۇرمۇشتا ئۆزى بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. شۇڭا كەلپىندە ھەربىر بالا سۈننەت يېشىغا توشقاندىن باشلاپ دىنىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پەرھىز ۋە قەرز ئىدى.

مەھەللە ئۆيلىرى قويۇق، ئازغىنە ئەمگەكتىن سىرت بوش چاغلىرى كۆپ بولغان كەلپىن ئاھالىسى ئىچىدە XIX — XIX ئەسىرلەردە خەت ئوقۇيالايدىغان ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى 50% تىن ئېشىپ كەتكەنىدى، ئەينى چاغدىلا بۇ نىسبەتنى قوشنا ناھىيىلەردە تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەشۇ چاغلاردا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان كەلپىن ياشلىرى يېزىق (پۈتۈك) ئۈستىدە دەتالاش - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، «يېزىقنى تەڭرىمىز دىن تەشۋىقاتى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتكەن» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. لېكىن كونكرېت مۇنازىرە نۇقتىسى ساناق رەقىمى «1» بىلەن «نۆل» ئۈستىگە مەركەزلىشىپ، دە تالاش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. ئۇلار ھە دېگەندە «1» نى تەڭرىنىڭ تەنھالىقىغا، «0»

* «چەنپەن» دېگەن سۆز ئەسلىدە خەنزۇچە «جەنفەن» دىن كەلگەن بولۇپ، گۇناھكار دېگەن مەنىدە.
* * «ئاللا قۇش» — قۇش بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىلار دېگەن مەنىدە.

نى بولسا، بۇلاق كۆزىگە مىسال قىلىشسا، ھەتتا بەزىلىرى «0» نى كەلپىننىڭ يۇمىلاق يەر شەكلىگە تەقلىت قىلىپ، كاج تالىشاتتى. «كاج تالىشىش» پاسسىپ پىسخىك ھالەت بولۇپ، ئۇ جاھىللىق بىلەن نادانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل كاج تالىشىش پىسخىكىسى، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىش ھالىتى، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغان مىجەزلەر كەلپىن روھىدا تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**3. كەلپىندىكى يەر ناملىرى ۋە بەزى ئۇرۇقلار**

كەلپىن خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بەزى يەر ناملىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

(1) «قارا كۆت» بۇ كەلپىن ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان بىر ئايماق (كەنت) نىڭ نامى بولۇپ، X ئەسىرلەردە ئىسلام غازاتچىلىرى چەرچەن، چاقىلىقتىن ئېلىپ كەلگەن «جەنفەن» (گۇناھكار) لەرنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قارا كۆتتە ئادەم قويۇپ كۆزەتكەنىكەن. شۇڭا «قاراكۆت» نىڭ ئەسلى نامى «قاراپ كۆت» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى كىشىلەر «قارا كۆت» نى «قايغۇلۇق» * دېگەن مەنىدە بولىدۇ، دەپ مۇلاھىزە قىلىشىدۇ.

(2) «يورچى» بۇ يورچى يېزىسىنىڭ نامى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابىدا «يورچى» دېگەن سۆزنى «ياۋچىلار» دەپ چۈشەندۈرگەن. يورچى خەلقىنىڭ ئۆزگىچە مىجەزى تارىخلاردا تەسۋىرلەنگەن ياۋچىلارنىڭ مىجەزىگە ئوخشاپ كېتىدىكەنلىكتىن، ئەمەلىيەتتە ماس كېلىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

(3) «ئەسكەنت» بۇ يەر تومئېرىق ئايمىقىدىكى قەدىمكى خارابىنىڭ نامى، ئەسلى «ئەسكى كەنت»، «ئەسلى كەنت» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ قەدىمكى خارابە ئىزى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 2500 — 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

(4) «لوپ» بۇ «جاڭگال» دېگەن مەنىدە، ئورنى تومئېرىق ئايمىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئاخىرىسى قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. «لوپ» بىلەن قارا كۆتنى «توغرا يار» ئايرىپ تۇرىدۇ. مەرھۇم ئاتام قۇربان ئەھمەت (1985 - يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) ماڭا داۋاملىق «لوپ» توغرىسىدا مۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرەتتى: «مۇندىن 250 — 300 - يىللاربۇرۇن لوپ ئەسلىدە جاڭگاللىق بولۇپ، ئايىغى توقايغا، دەڭگە (ئاچالغا) تۇتىشىپ كەتكەنىكەن. بۇ جاڭگاللىقتا توغراق، يۇلغۇن، كۆرۈك (يۇلغۇن تىپىدىكى بىر خىل چاتقال)، سۆكسۆك، كۆك يانتاق، پىچان، ئاق يانتاق ۋە ھەر خىل چاتقال، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن تەبىئىي ئورمانلىق ئىكەن. ئۇ ئورمانلىقتا جەرەن، بۆرە، توشقان، تۈلكە، كىرپە، قىرغاۋۇل، توڭگۇز، بۆركۈت، قارچۇغا، لاچىن ۋە بەزىدە تۆگە قۇشلارمۇ ئۇچراپ تۇرار ئىكەن. بۇ ئورمانلىقتا يالغۇز كىرىپ قالغان كىشىنىڭ تىنى شۈركىنەر ئىكەن. كىشىلەر ئەتىسى تاڭ سۆزۈلگەندە ئوتۇنغا بېرىپ، چۈشتە ياكى پېشىندە ئوتۇن ئېلىپ، ئېشەك تۆگىلىرىگە ئارتىپ كېلەر ئىكەن. ئۇ ۋاقىتتا ئادەملەر دەرەخ تىكىشنى بىلمىگەنمۇ ياكى ئېھتىياجى بولمىغانمۇ، ئۆيلىرىگە «لوپ» تىن ئېلىپ كەلگەن توغراق ياغىچىنى جەگە، يۇلغۇن (قوشام) نى ۋاسا قىلىپ، ئۆي بوكەپ ئولتۇرۇشىدىكەن. بۇنداق ئۆي سېلىش XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقانىكەن.

(5) «ئۇلۇغ يار» بۇ قەدىمىي قىيانلىقنىڭ نامى بولۇپ، ئورنى قۇمئېرىقنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن باشلىنىپ قاراكۆتنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە سوزۇلغان، كەڭلىكى 400 — 500 مېتىر كېلىدىغان قەدىمكى قىيانلىق، ھازىر بولسا مۇتلەق كۆپ قىسمى تېرىلغۇ مەيدان قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈل

* قاراخانىيلار دەۋرىدە كەلپىن ئۈچ رايونى ھازىرقى ئۈچتۇرپان - ئونسۇ بەگلىكىگە قاراشلىق يۇرت بولۇپ، ئۇ يەرگە سۇ چىقىرىش، ئۆستەڭ چېپىش، ئاقسۇ ئايكۆل خەلقىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇ يەرنى «قايغۇلۇقنىڭ ھاشىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان.

گەن. مۇشۇ 30 يىلدىن بېرى كەڭ سايلىق (باش قىسمى) قا كەلگەن قىيان توشقۇزۇلۇپ تېرىلغۇ مەيدانى قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

(6) «توغىچى» بۇ قۇمئېرىقتىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، ئەسلى نامى «تۇرغوجا» (غوجىلار تۇرغان جاي) ئىدى.

(7) «تۇر» بۇ جاي گەزلىك يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، «تۇر»، «تىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(8) «ئارقا شەھەر» چوڭ تاشىيولدىن ئۆتۈپ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭسا بىر تېتىرلىق ئۇچرايدۇ، مانا بۇ جاي «ئارقا شەھەر» دەپ ئاتىلىدۇ. خارابە ئىزىنى پەرق ئېتىش قىيىن، كىشىلەر بۇ جاينى «شەھىرى قەيبەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ جاي ئىسلام غازاتچىلىرى مەزگىلىدە بار بولغان بولۇشى مۇمكىن.

كەلپىندە ئەسلىدە بار يەرلىك خەلقلەردىن باشقا يەنە ئارايماقتا «دەيۋىت» (داراۋىتلار)، قارا كۆتتە ئايكۆللۈك كىشىلەر، ئۆزبېكلەر، قەشقەرلىكلەر، چاڭلار، ئوغانلار، ئافغان تاجىكلىرى ئۇرۇقىدىكىلەر، ئاتۇشلۇقلارمۇ بار. بۇ ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ مۇھىملىرىغا ئىزاھات بەرگەندىلا، كەلپىن خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلىشىدۇ:

(1) «دەيۋىت» بۇلار ھىندىستاننىڭ جەنۇبى، پاكىستانغا جايلاشقان «داراۋىتلار» نى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئارىئان نەسلى، مەسىلەن: ياقۇپ ئەلەمنىڭ ئەجدادلىرى (ئارايماقتىكى بىر قەۋم).

(2) «ئوغانلار» ئەسلى شەرقىي غۇز (توققۇس)ەۋملىرىدىن بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قالغان قىسمى «ئوغان تېغى» * غا چېكىنىپ بېكىندى ۋە «ئوغان تېغى» نامىنى قەۋم نامى قىلدى»، «ئوغانلار ئاتقا مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، دائىم ئوۋ ئوۋلاش، قۇش تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىدۇ... چېدىرلاردا ياشايدۇ. ئېشىكلىرى كۈن چىقىشقا ئېچىلىدۇ، گۆش يەپ سۈت ئىچىدۇ» ①. يەنە بەزى كىشىلەر بۇ ئۇرۇقنى ئۇرخۇن دەرياسى بويىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپمۇ قارىشىدۇ.

(3) «چاڭچىلار» بۇ ئۇرۇقنىڭ ئاساسلىق قىسمى قارا كۆتتە. بىر قىسمى قۇملۇق چوڭتېرەك ئەتراپىدا، يەنە بىر قىسمى ئۇرۇمچى شىمگو ئەتراپىدا تىرىكچىلىك قىلىدۇ. تارىخىي مەنبەئەلەردە بۇ قوۋم مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:

چاڭلار «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق نەتىجە قازىنىدۇ. جەڭدە ئۆلۈشنى خەيرلىك ھېسابلايدۇ، تەبىئىي باتۇر، قەيسەر بولۇپ، غەربلىكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بار» ①. «توخرىلار خانى ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلقى تارقىلىپ، بەزىلىرى غەربكە يۈرۈپ، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاجىزلىرى جەنۇبقا يۈرۈپ، تەڭرىتاغدا چاڭلارغا يېقىنىپ، ئولتۇراقلاشتى ۋە بارا - بارا چاڭلار بىلەن تويلىشىدىغان بولدى» ③. بۇ ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ غەۋغا ۋە ماجىرادىن قورقمايدىغان مىجەزىگە ئاساسلانغاندىمۇ، يۇرتىمىزدىكى چاڭچىلار ئاشۇ چاڭلارنىڭ ئۇرۇقى بولۇشى مۇمكىن.

### 4. كەلپىندىن تېپىۋېلىنغان بىر كوزا

1976 — 1989 - يىلغىچە كەلپىندە ئېلىپ بېرىلغان ئەسكەنت قەدىمكى شەھىرى، قىسىل تاغ بۇددا خارابىسى، ئارقا شەھەر خارابىسى، چىلان خارابىسى، كونا چىلان خارابىسى، سىپتە تاش قوراللار ئىزلىرى، سېرىق توغراقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر، يايدى خارابىسى، مازار ئېقىنىدىكى قەدىمكى تاش قەبرىلەر قاتارلىق قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ يەردىن تېپىۋېلىنغان قىزىل مىس، ساپال قاچىلار، تاش ئەينەك، يېشىل ياقۇت قاتارلىق 60 نەچچە خىل تۇرمۇش بۇيۇمىنىڭ مۇندىن 1600 — 2500 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتقا تەۋە

* «ئوغان تېغى» ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئاروكورچىن خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، «ئولان تېغى» (ئوغان تېغى) نى كۆرسىتىدۇ.

uyghurkitap.com

ئىكەنلىكى ئىسپاتلاپ چىقىلدى.

1968 - يىلى 8 - ئايدا مەرھۇم ئاكام مۇھەممەت قۇربان ھازىرقى خەلق كۇلۇبىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان «قاراتاش يېرى» گە تەۋە قەدىمكى زاراتكارلىق ئەتراپىدا كېسەك (كىرپىش) قۇيۇۋېتىپ بىر دانە چېدىر شەكىللىك كوزا (كومزەك) تېپىۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىدۇ. كوزىنىڭ ئېغىزىنىڭ بىر تەرىپى پۇچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «△»، «» ۋە «X» قا ئوخشاش شەكىللەر چۇشۇرۇلگەن. ئۇنىڭ توپىسى يىرىك بولۇپ، سەل ئۇركۇپ تۇرىدۇ. بۇ كوزىدىن سىرلانغان ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاكامنىڭ دېيىشىچە، كوزىنىڭ ئىچىدە ئۇچتىن ئىككى قىسمىغا كەلگىچە كۇل بولۇپ، كوزىنى كولاپ ئالغۇچە ئېھتىياتسىزلىقتىن كۇلنىڭ خېلى بىر قىسمى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىپەك قول ياغلىققا ئورالغان بىر تۆگۈنچەك بار بولۇپ، تۆگۈنچەكنى ئېچىپ كۆرسەك ئۇزۇن يۆگەلمە چاچ چىقتى.

ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە چاچ تارىغاندا چۈشۈپ كەتكەن چاچلىرىنى تۇگۇپ، كومزەككە سېلىپ قويىدىغان ئادىتىنى يوقاتماي كەلدى. بۇ كوزا 1975 - يىلى تاسادىپىي ئۆي كۆچۈش مەجبۇرىيىتى بىلەن ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇنۇپ كەتكەن. بۇ كوزا ۋە ئىچىدىكى كۇل، چاچلار ھازىرمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ «كومزەكلەر مىلادىيە VI — VIII ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۇركلەرنىڭ قەبرە شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى ئىدى» ④. «بۇ دەۋرلەردە ئاقسۇ رايونى غەربىي تۇركلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ئەينى زاماندا، تۇركلەر جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلاتتى» ۋە بىر قىسىم جەسەت كۇلىنى چېدىر شەكىللىك كومزەكتە ساقلايتتى⑤. بۇ تارىخىي پاكىت كەلپىندە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

ئىزاھلار:

① «كېيىنكى خەننامە» 637 - بەت (ئۇيغۇرچە).

②«كېيىنكى خەننامە» 434 - بەت (ئۇيغۇرچە).

③«كېيىنكى خەننامە» 486 - بەت (ئۇيغۇرچە).

⑤ ④ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىل، 245 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# رىزۋانگۈلنىڭ سۈرىتىنى كىم تونۇيدۇ؟

ئىسرائىل تۇردى

شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ھەرەمباغ سوقۇشىدا قۇربان بولغاندىن بۇيانقى 55 يىل داۋامىدا «شەپقەت ھەمشىرىسى» دېگەن يېقىملىق نام بىلەن ئاتىلىپ ئەسلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ قىزنىڭ سۈرىتى مەتبۇئاتلاردا ھەر خىل تونۇشتۇرۇلدى. كىشىلەر ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ ئەپسۇسلۇق تۇيۇلدى. چۈنكى رىزۋانگۈل — خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان قەھرىمان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پەخرى. شۇڭا مەن بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە خىلى ئىزدەنگەن بولسامۇ، يەنىلا ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرگە ئىلتىجا قىلىشنى زۆرۈر دەپ قاراپ بۇ ھەقتىكى ئوخشىماسلىقلارنى تونۇشتۇردۇم:

«ئىنقىلابىي قۇربانلار ئەسلىمىسى» دېگەن سۈرەتلىك كىتابتا، ئۈچىسىغا قايرىما ياقىلىق جۇۋا، بېشىغا قۇلاقچا كىيگەن بىر قىز «شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل» دەپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ سۈرەت ئەسلىدە 8 قىزنىڭ ئۆرە تۇرۇپ چۈشكەن كوللېكتىپ سۈرىتى. ئالدىنقى رەت يەنى 3 - قىزنىڭ سۈرىتى يېرىم گەۋدە قىلىپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سۈرەتنىڭ قاچان، قەيەردە تارتىلغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 2 - سانىدا يۇقىرىقى سۈرەتتىكى قىزلارنىڭ:

1 - سى زەينەپ، 2 - سى ھۆرنىسا، 3 - سى رىزۋانگۈل، 4 - سى بانۇم، 5 - سى پاتىمە (تاتار) دەپ؛ ئىككىنچى رەت ئوڭدىن سولغا سانىغاندىكى 6 - قىز رازىيە (خۇيزۇ) دەپ تونۇشتۇرۇلغان. سۈرەتنىڭ تارتىلغان ۋاقتى ھەم ئورنى تىلغا ئېلىنمىغان.

1994 - يىلى 10 - ئايدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېگەن سۈرەتلىك ژۇرنالدا بولسا، يۇقىرىقى سۈرەتتىكى قىزلار «مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئايال جەڭچىلەر» دەپ تونۇشتۇرۇلغان. مىللىي ئارمىيە 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قۇرۇلدى، رىزۋانگۈل 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قۇربان بولغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا رىزۋانگۈل بۇ سۈرەتكە چۈشمىگەن بولىدۇ.

«5 - كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» دېگەن كىتابتا سۈرەتتىكى 6 - قىز «رىزۋانگۈل» دەپ تونۇشتۇرۇلغان.

ئەينى يىللاردىكى سۈيدۈڭ پولكىنىڭ جەڭچىسى، ئەسلى سۈيدۈڭلۈك، ھازىرمۇ سۈيدۈڭدە ئولتۇرۇشلۇق شېرىپ ئاكا يۇقىرىقى سۈرەتتىكى 6 - قىزنى «رىزۋانگۈل ئەمەس، 6 - سۈرەت پاتىمە ئىسىملىك تاتار قىز. ئۇ مۇسابايوپنىڭ سۈيدۈڭدىكى قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەينى ئىسىملىك تاتار ئايالنىڭ قىزى، پاتىمەنىڭ رەخىمجان، ئىخيار ئىسىملىك ئىككى ئاكىسى بار ئىدى، پاتىمە رىزۋانگۈل بىلەن بىللە ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى، رەخىمجان سىڭلىسى پاتىمە بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كەڭساي ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ جەستى سۈيدۈڭگە ئېلىپ كېلىنىپ ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ نامىزى «يەكەن مىچىتى» دەپ ئاتىلىدىغان مىچىتتە چۈشۈرۈلدى، مېيىت نامىزىغا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم قاتناشتى. نامازنى ئېلىخان





تۆرە ئۆزى چۈشۈردى. ئۇلار سۈيدۈڭنىڭ شىمالىدىكى چوڭ مازارغا دەپنە قىلىندى. ئۇ مازار ھازىرمۇ بار. لېكىن قەبرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن، پاتىمەنىڭ ئانىسى ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى.

رىزۋانگۈلنىڭ زامانداشلىرىدىن خەيرىنىسا ھەدە ئۆزىنىڭ — قەشقەرلىك ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئاكىسى مۆمىن مەخسۇمنىڭ قىزى ئىكەنلىكــــى، ئانىسىنىڭ ئۆزبېك ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ نەمەنگاندا تۇغۇلۇپ كېيىن ئاتا - ئانىسى بىلەن چۆچەككە كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى، ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ناستىنكا ئىسىملىك رۇس ئايالنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغانلىقى، 1947 - يىلــى ئەخمەتخان قاسىمى بىلەن ئاباسوفلار چۆچەككە بارغاندا ئۆزىنى رۇس ئايالنىڭ قولىدىن ئېلىــــپ، يەنىســــخەيدە تۇرۇشلۇق زۇنۇن تېيىپ پولكىغا ھەمشىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، يۇقىرىقــى سۈرەتتىكى قىزلارنى مۇنداق تونۇشتۇردى:

1 - شاھادەت: غۇلجا ئۈچئونلۇق قىز بولۇپ مەرغۇپ پولكىدا ئىشلىگەن.

2 - رازىيە: غۇلجا تۆپەدەڭ مەھەللىسىدىكى ماگۇيفاڭ ئىسىملىك تۇڭگاننىڭ قىزى.

3 - قىز نامەلۇم

4 - رابىيە: غۇلجا ئونيار مەھەللىسىدىن بولۇپ مەرغۇپ پولكىدا ئىشلىگەن.

5 - رابىيە: خــــتاي بازىرى چېلەك خاڭزا مەھەللىسىدىكى تېيىپ شىڭگەننىڭ ئۆيــــنىــــڭ ئۇدۇلىدىكى قورۇدا ئولتۇراتتى.

6 - خەيرىنىسا: يەنى مۇشۇ سۈرەتتىكــــى قىزلارنى تونۇشتۇرغان قىزنىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇ سۈرەت 1947 - يىلى تارتىلغان دەيدۇ.

7 - پاتىگۈل: شىخۇلۇق روزى (تۆشۈك) نىڭ قىزى.

8 - نادەي: چىگىشورلۇق موڭغۇل قىز، ئۇ ئازات نىــشانلىـــق پولك (ئابرۇن پولكىــــدا) دا ئىشلىگەن. شۇ دەۋرنىڭ شاھىتلىرىدىن ھوشۇرخان ھەدە بۇ سۈرەتلەرنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈردى:

1 - زەينەپ: غۇلجا دوستلۇق دوختۇرخانىسىدا

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپ ھازىر پېنسىيىگە چىقتى.

2 - سائادەت: ئۇ ئىنقىلابتىن كېيىن ئوقۇتقۇچى مەۋلان كاراباش بىلەن توي قىلغان. ھازىر قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل دېگەن يېرىدە.

3 - نامەلۇم.

4 - تۇخان: سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن.

5 - ئايشەم: غۇلجا دۆڭ مەھەللىدىكى غېنى بارۋىكەشنىڭ قىزى. ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرى قويلۇق دېگەن يېرىدە.

6 - جەننەت: سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن.

7 - رابىيە: غېنى بارۋىكەشنىڭ كىچىك قىزى، يەنى مۇشۇ سۈرەتتىكى 5 - قىز ئايشەمنىڭ سىڭلىسى. ئىنقىلابتىن كېيىن ئىلى دەرياسىدا قولۋاق بىلەن كېتىۋاتقاندا ھادىسىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغان.

8 - ئېھتىمال رىزۋانگۈل بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئەپسۇس، يۇقىرىقى سۈرەتتە «زەينەپ» دەپ تونۇشتۇرۇلغان ھايات ھەمشىرە ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، رەسىمدىكى ئۆزىنىمۇ ئېنىق تونۇيالماي «1 - ياكى 2 - سۈرەتتىكى مەن بولۇشۇم مۇمكىن» دەپ ئىككىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، سۈرەتتىكى 4 - قىزنى رىزۋانگۈل، 5 - قىزنى ئايشەم قاھار، 7 - قىزنى رابىيە قاھار، ئايشەمنىڭ سىڭلىسى، دەپ تونۇشتۇردى. رىزۋانگۈلنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ (غۇلجا ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدىكى ئۈمىد مەكتەپ ياكى ھۈسەينىيە مەكتەپ) ھەم ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپىدە بىللە بولغان مەكتەپدىشى يەنى ئوخشاش ئىسىملىك دوستى رىزۋانگۈل ناسىرىۋا بۇ سۈرەتلەرنى مۇنداق تونۇشتۇردى.

1 - رازىيە: خۇيزۇ.

2 - سائادەت: ئىنقىلابتىن كېيىن ئىلى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان.

3 - رۇقىيە: تاتار قىز.

4 - تۇخان: ئىنقىلابتىن كېيىن غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.

5 - ئايشەم غېنى.

6 - شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل.

7 - رابىيە غېنى: ئىلى دەرياسىدا سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ۋاپات بولغان.

8 - زەينەپ.

شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ھەم باشقا ھەمشىرە قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلار ئوخشاش بولمىغاندەك، قەبرىسى توغرىسىدىمۇ ئوخشىماسلىقلار بار. بۇ ھەقتە بەزىلەر رىزۋانگۈلنىڭ قەبرىسى غۇلجىدىكى «خەلپەم بۇزرۇك مازىرى» دا دېسە، بەزىلەر «ئالتۇنلۇق مازىرى» دا دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «نوغاي زاراتكارلىقى» دا دەيدۇ.

دېمەك، شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ھەم شۇقاتار بىر قانچە ھەمشىرىلەرنىڭ رەسىملىرى ھەم ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ھازىرغىچە ئېنىق بولماسلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرۇپلا قالماي، بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرى

ئابدۇراخمان مامۇت دىيارى

(ئونسۇ ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن)

ئالەمنى چاتقان يىپەك يولىدىن،
قىش، ياز توختىماي كارۋان ئۆتىدۇ.
تومۇزدا كۆيگەن قۇم بارخانلىرى،
بورانلار بىلەن بىللە كۆچىدۇ.

(«ئەجدادلار ئىزى» ناملىق داستانىمدىن پارچە)

يىپەك يولى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەتقىقاتچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي، جەنۇبىي ئېتەكلىرى، تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى شەھەر، بازارلار ئارا قاتناپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، پارس قولتوقىنى بويلاپ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن ئۆتكىچە تاغ، دەريا، دالا، چۆللەرنى كېزىپ، ياۋروپاغىچە ئايىقى ئۈزۈلمىگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ بايانلار ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، خەلقئارالىق سودا بىلەن شۇغۇللانغان تارىخىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشلىرىدىن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەردى. بۇ مەلۇماتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۆگە، ئات، قېچىر، ئېشەك، ھارۋا كارۋانلىرىنىڭ تاڭ سەھەردە سەپەر قىلىپ، ھاۋا ئىسسىغاندا ئۆتەڭلەردە ياكى ھاۋالىق داللاردا، يايلاقلاردا چۈشكۈن قىلىپ غىزالىنىپ، ئۇلاغلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، ئەتىكى سەپەر ئۈچۈن ئات، تۆگە، قېچىر، ئېشەكلەرنىڭ توقۇمى، چوملىرىنى، ئۈچۈلۈقلىرىنى، ھارۋىنىڭ جابدۇقلىرىنى ئوڭلاۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان كارۋانچىلىقى تارىخىمىزنىڭ بەتلىرىدە قىممەتلىك ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، بۇ كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك سايمان، جابدۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرى ئونتۇلۇشقا باشلىدى. نامى لۇغەت تەركىبىمىزدىن چىقىپ كېتىۋاتقان، ئۆزى ئېھتىياجدىن قېلىۋاتقان بۇ قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرىدۇر.

قوڭغۇراق — كارۋانلارنىڭ نام - ئاتىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم سايمانلارنىڭ بىرى. قوڭغۇراق ئۆزىنىڭ ھەرخىل ئاۋازىغا قاراپ، كارۋاننىڭ ھارۋا كارۋىنى، تۆگە كارۋىنى ياكى ئات، قېچىر، ئېشەك كارۋىنى ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرەلەيدۇ. كارۋاننىڭ قونالغۇغا قانچىلىك يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ياكى قونالغۇدىن قانچىلىك يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلدۈرەلەيدۇ. كارۋان بازار، شەھەرلەرگە كىرگەندە ياكى دەڭ، سارايلاردىن چىققاندا كوچىلار قاينام - تاشقىنلىققا چۆمىدۇ.

ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئىشلىتىلىشى ۋە ياسالغان ماتېرىياللىرىغا قاراپ تۆۋەندىكىلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. تۆگە قوڭغۇراقلىرى

تۆگە قوڭغۇراقلىرى چوڭ - كىچىك، قارا ۋە



سېرىق رەڭدە بولۇپ، قارا قوڭغۇراقلار قېلىنلىقى 0.003 مېتىر ئەتراپىدىكى پولات تاختىدىن ياسىلىدۇ. ئېگىزلىكى 0.2 مېتىر، دىئامېتىرى 0.15 مېتىر بولۇپ، چاسا شەكىللىك، قوش تىللىق بولىدۇ. بىرىنچى تىلى تۆچتىن ياسالغان كىچىك قوڭغۇراق. ئىككىنچى تىلى تۆمۈردىن ياسىلىپ، كىچىك قوڭغۇراقنىڭ ئىچىگە بېكىتىلىدۇ. بۇ قوڭغۇراقنىڭ بېغى (تاسمىسى) ئۇزۇن بولۇپ، تۆگىنىڭ توقۇمىغا ئېسىلىدۇ، ئۇ تۆگىنىڭ تۆشىگە تېگىپ تۇرىدۇ. ئاۋازى بوم چىقىدۇ. رېتىمى تۆگە قەدىمىنىڭ يۆتكىلىشىگە ماسلىشىدۇ.

رەڭدار، سېرىق قوڭغۇراقلار تۆچتىن ياسىلىدۇ. ئاستىنقى بىرىنچى قوڭغۇراق چوڭ، يانداپ بېكىتىلگەن قوڭغۇراقلار كىچىك بولىدۇ. بۇ قوڭغۇراق تۆگىنىڭ بويىنىغا، بېشىغا يېقىن قولاق تۈۋىگە ئېسىلىدۇ. بۇ ئىككى قۇر قوڭغۇراق ئاساسەن قول تۆگىسى (قاتارنىڭ ئالدىدىكى تۆگە) گە ئېسىلىدۇ. بوم قوڭغۇراق قاتارنىڭ كەينىدىكى تۆگىگە ئېسىلىدۇ.

## 2. ئات، قېچىر قوڭغۇراقلىرى

ئات بىلەن قېچىر بىر كارۋان توپىنى هاسىل قىلىدۇ. بەزىدە خىللانغان ئېشەكلەرمۇ قوشۇلىدۇ. ئات، قېچىر كارۋانلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان قوڭغۇراقلار توك - توك جوۋۋۇشكا، يەككە زاڭ، قارا قوڭغۇراق، چىنە قوڭغۇراق قاتارلىق تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ قوڭغۇراقلارنىڭ ياسىلىشى، شەكلى ۋە ئاۋازى ئۆزگىچە، بۇ تۆت خىل قوڭغۇراق بىرلەشتۈرۈلسە، راۋاپ، تەمبۇر، دۇتار، غىجەك، نەيلەرنىڭ بىرىكىشىدىن سازلانغان مۇزىكىدەك يېقىملىق ئويۇلىدۇ.

توك - توك جوۋۋۇشكا تۆچتىن ياسالغان چاسا شەكىللىك قوڭغۇراق بولۇپ، چوڭ - كىچىك بولىدۇ. چوڭى ئاستىغا، كىچىكلىرى ئىككى تەرىپىگە بېكىتىلىدۇ. ئاتنىڭ بېشىغا قولاق تۈۋىگە يېقىن ئېسىلىدۇ. بەزى چاغلاردا چوڭ توك - توك جوۋۋۇشكىنىڭ ئورنىغا يەككە زاڭ، چىنە قوڭغۇراق ياكى كىچىكرەك قارا قوڭغۇراق ئاسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل قوڭغۇراق يىتۇ (باشلىغۇچى ئات) نىڭ بېشىغا ئېسىلىدۇ. يىتۇغا چىرايلىق، كېلىشكەن، ئىلدام ئات تاللىنىدۇ. شەھەر، بازارلاردىن ئۆتكەندە يىتۇچى (باشلامچى ئاتنى يېتىلىگۈچى چاكار) يىتۇنى يېتىلەپ ماڭىدۇ. يىتۇچىغا چىچەن، چەبدەس، كېلىشكەن ياش چاكارلار تاللىنىدۇ.

يەككە زاڭ تۆچتىن ياسىلىدۇ. ئاغزى كەڭ، تۈۋى تار، ئۇزۇنچاقراق بولىدۇ. يېنىغا باشقا قوڭغۇراق بېكىتىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ «يەككە زاڭ» دەپ ئاتالغان. يەككە زاڭ توپىنى يانداپ ماڭىدىغان ئات ياكى قېچىرغا ئېسىلىدۇ.

چىنە قوڭغۇراق تۆچتىن ياسىلىدۇ. شەكلى خۇددى گۈمبەزگە ياكى پاكار چىنىگە ئوخشايدۇ. ئاۋازى زىل چىقىدۇ. چىنە قوڭغۇراق كەپسىز، شاش، بېشىنى سىلكىپ ماڭىدىغان ئات ياكى قېچىرغا ئېسىلىدۇ. چىنە قوڭغۇراقنى يالغۇز ئېسىشقىمۇ ياكى توك - توك جوۋۋۇشكا بىلەن بىللە ئېسىشقىمۇ بولىدۇ.

ئات، قېچىر، ئېشەك كارۋانلىرىنىڭ ئومۇمىي كەسپىي نامى «ئۇلاغچى» دەپ ئاتالسىمۇ، ئات، قېچىر ئىشلەتكۈچى كارۋانلار «ئاتچى» ئېشەك ئىشلەتكۈچى كارۋانلار «ئېشەكچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېشەكچىلەر ئېشەك ئېلىپ - ساتقۇچىلار (بىدىك) ياكى ئېشەك يىغىپ باققۇچىلار بولماستىن، ئېشەك بىلەن يۈك توشۇغۇچى كارۋانلاردۇر. شۇڭا كارۋان قوشاقلىرىدا مۇنداق قوشاقمۇ ئۇچرايدۇ.

ئېشەكچى دېمەڭ بىزنى،
ئەنجان يولىدا كارۋان.
سارغايدى دېمەڭ بىزنى،
يار دەردىدە سارغايغان.
مەن سەپەرگە چىققاندا،
يار ئىشىكىدە قالغان.
قاچان كېلىسەن؟ - ياردەپ،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

قارا قوڭغۇراق پولات تاختىدىن ياسىلىدۇ.

تۆگىنىڭ قارا قوڭغۇرىقىدىن سەل كىچىك بولۇپ، ئاۋازى توم چىقىدۇ. ئات، قېچىرنىڭ مەيدىسىگە ئېسىلىدۇ. ئات، قېچىرلارغا ئىشلىتىلگەن قوڭغۇراقلار ئېشەك كارۋانلىرىدىمۇ ئوخشاش ئىشلىتىدۇ. پەرقى، بۇ قوڭغۇراقلارنىڭ ھەممىسى ئېشەكنىڭ تۆشىگە تېگىپ تۇرىدۇ. ئۇچۇلۇقىنىڭ ئالدى تەرىپىگە، قاپتالنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن ياي شەكىللىك ئەگرى ياغاچقا ئېسىلىدۇ.

## 3. ھارۋا قوڭغۇراقلىرى

ھارۋا كارۋانلىرىدىكى ھارۋا ئاتلىرىغا ئېسىلىدىغان قوڭغۇراقلارمۇ تۇچ ۋە پولاتتىن ياسىلىدۇ. بۇ قوڭغۇراقلار غور - غورۇڭ، چولدۇراڭ، كىچىك قارا قوڭغۇراقلاردىن ياكى يەككە زاڭنىڭ ئەڭ كىچىكىدىن تەركىب تاپىدۇ.

غور - غورۇڭ، چولدۇراڭ، كىچىك يەككە زاڭلار تۇچتىن ياسىلىدۇ. شەكلى، غور - غورۇڭلارنىڭ ئوتتۇرىسى بوغماق، ئاستى تەرىپى يېرىقچە بولۇپ، ئاۋازى شۇ يېرىقچىدىن چىقىدۇ. چوڭلۇقى غاز تۇخۇمىدەك، توخۇ تۇخۇمىدەك بولىدۇ. تىلى پولات ياكى چويۇن شارىكتىن ئىبارەت. غور - غورۇڭ ئاز بولسا، ئاتنىڭ سۆڭگىچىگە، ساغرىسىغا توغرىلاپ قوشقۇنىغا بېكىتىلىدۇ. جىق بولسا، سۆڭگەچتىن بېلىگىچە ئىگەرگە يەتكىچە ئېسىلىدۇ. غور - غورۇڭ كۆپ بولسا، تاسمىغا تىزىلىپ، تاسما رەڭدار پۆپۈكلەر بىلەن بېزىلىپ، ئاتنىڭ كۆكسىگە توغرىلاپ جاۋەننىڭ كەينى — جىڭبۇغا ئېسىلىدۇ.

چولدۇراڭنىڭ چوڭلۇقى ياڭاقتەك، كىچىكلىرى چۆجە تۇخۇمىدەك ياكى كەپتەر تۇخۇمىدەك بولىدۇ. بەزىلىرى سەل ياپىلاق بولىدۇ. بۇ خىل كىچىك چولدۇراڭلارنى خەنزۇ، خۇيزۇلار كوكا (پىستە، پاكار ئىت) لارغىمۇ ئېسىپ قويىدۇ. چولدۇراڭ ئاتنىڭ بويىنىغا ئېسىلغاندا، قوڭغۇراق بېغىنىڭ ئاستىغا قارا قوڭغۇراق ياكى كىچىك يەككە زاڭ بېكىتىلىدۇ. قوڭغۇراق بېغى (تاسمىسى) رەڭدار پۆپۈكلەر بىلەن بېزىلىدۇ. قارا قوڭغۇراق بىلەن كىچىك يەككە زاڭنى يالغۇز ئاسسىمۇ ياكى غور - غورۇڭ، چولدۇراڭلار بىلەن بىللە ئاسسىمۇ بولىدۇ.

## 4. قوڭغۇراق بېغى (تاسمىسى) نىڭ بېزىلىشى

تۆگە، ئات، قېچىر، ئېشەكلەرنىڭ بويىنىغا ياكى كۆكسىگە ئېسىلغان قوڭغۇراق بېغىغا كارۋان جابدۇقلىرى ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئېسىل، كۆركەم بېزەكچىلىكى مۇجەسسەملەنگەن. بۇ قوڭغۇراقلارنىڭ ھەرقاندىقى كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن پۇختا تاسمىلارغا بېكىتىلىدۇ. تاسمىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئالا (چوڭ يوللۇق)، چىپار (كىچىك يوللۇق) كاشا، قۇر (تۆگە، قوي يۇڭى ياكى چۇپۇردىن ئىشلىگەن شوينا يىپ بىلەن توقۇلغان 0.04 مېتىردىن 0.10 مېتىرغىچە كەڭلىكتە توقۇلغان شوينا لېنتا) بىلەن ئۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلىك چوڭ - كىچىك كەھرىۋا مارجان، تاش مارجانلار بېكىتىلىدۇ. ئاندىن قىزىل، سېرىق، يېشىل، سۆسۈن رەڭلىك بويالغان يۇڭ يىپتا ھەم ئاق ئاتنىڭ يايلى، قۇيرۇقلىرىنى بۇياپ ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى پۆپۈكلەر بىلەن تېخىمۇ كۆركەم، نەپىس بېزىلىدۇ. بولۇپمۇ قول تۆگىسىنىڭ نوقتىسىغا بەك ئىشلەيدۇ. نوقتىنىڭ چۇلۇۋۇرىدىمۇ رەڭگا رەڭ پۆپۈكلەر ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بۇ خىل بېزەكلەر سەنئەتتە كارۋانلارنى روھلۇق، ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئۇزىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ھارۋا ئاتلىرىنى جابدۇشمۇ يۈك ئارتىدىغان ئۇلاغلارنى جابدۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھارۋا كارۋانلىرىدىكى يەنە بىر ئارتۇقچىلىق شۇكى، ھارۋا كارۋانلىرىدا «گودۇڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ تىللىق يەنە بىر چوڭ قوڭغۇراق بار. گودۇڭ تۆگىنىڭ قارا قوڭغۇراقلىرىدىن ئالاھىدە چوڭ بولۇپ يوغانلىرى ئادەتتە 10 كىلوگرام سۇ سىغىدىغان يۇمىلاق (سىلىندىر شەكىللىك) چېلەكتەك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى تىلى قارا قوڭغۇراق، ئىككىنچى تىلى سېرىق قوڭغۇراق ياكى كىچىك قارا قوڭغۇراق، ئۈچىنچى تىلى پولات تاياقچىدىن ئىبارەت بولۇپ،

uyghurkitap.com

ئۇلار بىرنىڭ ئىچىگە بىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. گودۇڭ ئىسلىغان هارۋا «گودۇڭلۇق هارۋا» دېيىلىدۇ. يول قانچە كاتاڭ بولسا گودۇڭنىڭ ئاۋازى شۇنچە ئاۋازلىق چىقىدۇ. گودۇڭ هارۋا ئوقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلىدۇ.

ئۇزاق ئەسىر داۋام قىلغان ئۇيغۇر كارۋانچىلىقى ئازادلىقتىن كېيىن قاتناش - ترانسپورتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆز ئورنىنى ئاپتوموبىل، پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان قاتارلىق زامانىۋى قاتناش قوراللىرىغا (پولات كارۋانلارغا) ئۆتكۈزۈپ بەردى. لېكىن ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئىشلەتكەن قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى شىنجاڭنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئاسىيا، ياۋروپاغا تۇتاشتۇرغان قەدىمكى يوللارنى ئېسىدىن چىقارمىغان كىشىلەرنىڭ قەلب بوشلۇقىدىن ئۆچۈپ كەتكىنى يوق.

«ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرى» ناملىق بۇ ماقالىنى يېزىۋېتىپ، خىيالىم يەنە شۇ كەپسىز باللىق دەۋرىمگە كەتتى. مەرهۇم چوڭ دادام يۇسۇپ باڭگازا *، دادام مامۇت باڭگازا ئىشلەتكەن ئاشۇ ئات، قېچىر، ئېشەك قوڭغۇراقلىرى مۇزارت، بەدەل، تەلەمەت داۋانلىرىنى ئاشقان نەچچە ئون ئات، قېچىر، ئېشەكلەرنى قېرىتىپ، 1955 - يىلغىچە ساقلاندى. مەنمۇ شۇ چىرايلىق، پۆپۈكلۈك قوڭغۇراقلارنى بوينۇمغا ئېسىۋېلىپ، دوستلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئات بولۇپ، تاقلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەنىدىم. ئەپسۇس، بۇ قىممەتلىك قوڭغۇراقلار كوپېراتسىيىلىشىش هەرىكىتىدىن كېيىن كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەكلەر قاتارىدا سېتىلىپ كەتتى. بۇنى ئويلىسام، ئەمدى ئىچىم ئېچىشىدۇ.

چۈنكى بۇ قىممەتلىك كارۋان مىراسلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى تۈگىگەن بولسىمۇ، تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق قىممىتى تۈگىمىگەنىدى هەم تۈگىمەيتتى. ئەمدى بۇ قىممەتلىك كارۋانلار يالدامىسى قوڭغۇراقلارنى ياسىيالايدىغان ۋە ياراشتۇرۇپ بېزىيەلەيدىغان ئۇستىلار يوق. خىيالىمدا قالغىنى پەقەت شىنجاڭنى يىپەك يولى بىلەن ئالەمنىڭ هەر تەرەپلىرىگە باغلىغان، ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئىشلەتكەن قوڭغۇراقلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

* جەمەتىمىزنىڭ ئەسلى لەقىمى رۇم، كېيىن كۆپىيىپ شاخلىغاندىن كېيىن ئايرىملىرىغا باڭگازا لەقىمى سىڭگەن. رۇم — ئەجدادىم تۇرۇمتاي ئەۋلادلىرى ئاتۇش تىجەننىڭ كۆپ، قەدىمقى جامائەتلىرىدىن بولغاچقا، كىشىلەر: «جاهان تەۋرىنىسە رۇمغا پاتار، رۇم تەۋرىسە، نەگە پاتار» دېگەن تەمسىلگە ئاساسەن «رۇم» دېگەن لەقەمنى قويغانىكەن.

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

2001 年第三期

总第五十六期



顾　问

乌依古尔·沙依然

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

主　编

沙比尔·艾力

副主编

吾甫尔·吾守尔·尼牙孜

阿不都肉甫·艾力

编　委

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

热米拉

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

责任编辑

阿不力孜·鄂尔浑


## 目　录


### 历史回忆录

我所见证的事例 ………………………………………… 赛甫拉也夫 1

### 历史资料

喀什噶尔游记 ………………………………… 乔汉·瓦里哈诺夫 25

### 人名研究

争论不休的起名状 ………………………………… 玛丽娅·萨克木 46

《争论不休的起名状》与维吾尔人的起名危机 …… 艾赛提·苏来曼 50

### 地名研究

浅谈柯坪人和柯坪的有些历史地名 ……………… 马木提·库尔班 52

### 历史人物

谁能够认得出热孜万古丽的照片 ……………… 司拉依尔·土尔地 58

### 新疆百业

维吾尔商队的铃铛 ………………………… 阿不都热合曼·马木提 61

www.uyghurkitap.com


# 新疆地方志维吾尔文（季刊）（پەسىللىك ژۇرنال）شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 7 号
照　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司
印　刷：新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65－1128/K－W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65－1128/K－W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن